# ئايالLAR (1)

مۇندەرىجە

1. ئۇيغۇر قىز ـ ئايالLAR ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ( ئاسىيە ئەخەت)....................2 ـ بەت

2. يەتتە قىزلىرىم ( تۇرسۇن بارات      ن. تۇرسۇن )

3. پىچاندىكى يەتتە قىزلار مازىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش ( ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر ).....5 ـ بەت

4. ئايالLAR توغرىلىق بىر قانچە بىلىملەر .................................14 ـ بەت

5. ئايالLARغا زادى قانداق ئەر كېرەك ( دىلمۇرات تۆمۈر )........................33 ـ بەت

6. ئايالLIق نازاكەت ۋە مەسئۇلىيەت ( ئابلەت ناسىر )........................40 ـ بەت

7. ئانىنىڭ 10 چوڭ ئارتۇقچىلىقى....................................42 ـ بەت

8. ئايالLAR ۋە ئىپپەت..........................................43 ـ بەت

9. تارىخىمىزدىكى ئايالLAR ئوبرازى ( پەرھاد جىلان )..........................45 ـ بەت

10. دۇكاندار قىزنىڭ كۆز يېشى ( قاتىمە )..................................48 ـ بەت

11. زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئايال زىيالىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرى ( خۇرشىد ئابلىمىت )....53 ـ بەت

12. « ھەققىي ئايال » ۋە رىئال تۇرمۇش ( ئادالەت ئابدۇرېھىم )....................59 ـ بەت

13. ئايالLIق ھىممەت ۋە قىممەت ( ئاينۇر دولقۇن )..............................66 ـ بەت

14. بىزگە قانداق قىزلار كېرەك (ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى)....................75 ـ بەت

# ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

ئاسىيە ئەخەت

جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە تۇتىدىغان ئورنىدىمۇ ئۈزلۈكسىز زور ئۆزگىرىشلەر بولدى ھەم بولۇۋاتىدۇ. بۇنى ئاياللارنىڭ ھەر خىل جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى، بارا ـ بارا ئەرلەر بىلەن ھەر خىل ھوقۇق، ئىمتىيازلاردىن تەڭ بەھرىمان بولۇشى، ئائىلىقى ئۆيدە بالا بېقىش، ئائىلە ئىشلىرىنىلا قىلىشتىن ھازىرقىدەك جەمئىيەتكە چىقىپ خىزمەت قىلىشى... قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. دېمەك ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە پۈتكۈل دۇنيا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. ھەر خىل سىياسەت ـ تۈزۈملەر ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا بۇ ھوقۇق ـ ئىمتىيازلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى قىز ـ ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىدىكى رولى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىنلا ئەدەپ ـ ئەخلاققا، ھەر خىل قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن مىللەت. ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيىسىدە قىز ـ ئاياللارغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئىنتايىن يۇقىرى. گەرچە قەدىمكى دەۋرلەردە ئاياللارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش، ھازىرقىدەك ئەركىن مۇھەببەتلىشىش، ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمان بولۇپ قاتارلىق ئەركىنلىكلىرى ئاساسىي جەھەتتىن يوق بولسىمۇ، لېكىن ئەدەپ ـ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇن تەربىيىسى قاتارلىقلار ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ «مەدەنىيەتلىك مىللەت» بولۇپ ئاتىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى كىشىلىك مۇناسىۋەت، گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت، ئۆي تۇتۇش، بالا تەربىيىلەشتىن تارتىپ تۇرمۇشتىكى قائىدە ـ يوسۇن ھەتتا ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى تاماق تۆشۈكلىرىگە ئۇستا، ئۆي تۇتۇشتا پاكىز، رەتلىك بولۇشنى بىلمىسە ئەرلەرنىڭ نەزىرىدىكى ياخشى خوتۇن، ياخشى ئانا، باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى ياخشى ئايال، ياخشى كېلىن... بولۇشقا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. بالىلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقسىز بولۇشىمۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ، بولۇپمۇ ئانىنىڭ تەربىيىسىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدىن دەپ قارىلىدۇ. سۆز ـ ھەرىكەتلەردە سىلىق ـ سىپايە بولۇش، يۈرۈش ـ تۇرۇشتا پەردىشەپكە دىققەت قىلىش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، يات ئەرلەر بار يەردە چاچ تارىماسلىق، بېشىغا ياغلىق چىگىش، كالتە، نېپىز، بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيمەسلىك، چوڭلار بار سورۇندا پۇتلىرىنى كىرىشتۈرۈپ ئولتۇرماسلىق، يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىمەسلىك، كۈلمەسلىك، ئەتىگىنى سەھەر تۇرۇپ ئۆي ئىچى ۋە سىرتىنى پاكىزە تازىلاش، ناماز ئوقۇش، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ناشتىلىقلىرىنى تەييارلاش... ئىشقىلىپ نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئەخلاق مىزانلىرىمىز بار... قائىدە ـ يوسۇن ئىشلىرىدا بولسا، ئاياللار تېخىمۇ مۇھىم ئورۇننى تۇتۇپ كەلگەن. ئۇرۇغ ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەر، قولۇم ـ قوشنا، يىراق ـ يېقىندىكى بىرىم ـ كېلىملەر، توي ـ تۆكۈن، نەزىر چىراغ... قاتارلىق ئىشلاردىكى قائىدە ـ يوسۇن «ۋەزىپە»لىرى ئاياللارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن. بۇ «ۋەزىپىلەر»نىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئاياللار كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. دېمەك بىر ئائىلىنىڭ ئەل ـ جامائەت ئىچىدىكى ئىززەت ـ ئابرويى، بالىلارنىڭ ياخشى تەربىيىگە ئىگە بولۇش ـ بولماسلىقى ۋە شۇنىڭدەك نۇرغۇن ئىشلار يەنىلا ئاياللارغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭا خەلقىمىزدە «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەندەك ماقال ـ تەمسىللەر تارقالغان بولسا كېرەك.

دەۋرنىڭ ئۆچقاندەك تەرەققىياتى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇشىغىلا ئەمەس بەلكى يەنە ئىدىيىسىگىمۇ زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. قىسقىسى، ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ ئۆيلىرىدىن چىقىپ جەمئىيەتكە يۈزلەندى، خىزمەت قىلدى، ئوقۇدى، تىجارەت قىلدى... دېمەك بىر تۈركۈم كەسىپى ئاياللار ئاستا ـ ئاستا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ناھايىتى زور بىر قوشۇن بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىدى. دېمەك، كەسىپلىشىشتىن ئىبارەت بۇ يېڭى يۈزلىنىش ئاياللىرىمىزنىڭ زىممىسىدىكى يۈكنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىۋەتتى. ئەمدىلىكتە ئاياللار ئائىلە ئىشلىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى سىرتتىكى خىزمەت، ھەر خىل كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقىشى كېرەك. گەرچە بىرقىسىم ئاياللىرىمىز يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرىدىن چەتنەپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى

ئىجادكارلىق روھىغا «باي» ئاياللىرىمىز ئەنئەنىۋى ئەخلاق ـ قائىدىلەرنى ئاستا ـ ئاستا «دەۋر قەدىمىگە» ماسلاشتۇرۇپ، «يېڭىچە قىياپەت» بىلەن «زامانىۋىلىششى»قا قاراپ يۈزلەندى.
ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتى ئەڭ كەڭ دائىرىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە نىمە ئۈچۈندۇر ئاياللىرىمىز جىسمىدىن ئاۋۋالقى دەۋرلەردە پەزىلەتلىك ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سىماسىنى تاپالمايدىغان بولۇپ قالدۇق. ئۇلارنىڭ ئورنىغا كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولغىنى ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرىمىزغا يات بولغان ناتونۇش چىرايلار، چەكتىن ئاشقان مېھماندارچىلىق، بۇزۇپ ـ چېچىشلار، تەبىئىتىمىزگە يات بولغان قىلىقسىزلىقلار.

ئايدىن ـ ئايغا توي ـ تۆكۈن، قائىدىلەرنىڭ جىقلىقىدىن بىر ـ بىرىگە ئۇلاشمايدىغان مائىشلار، سورۇنلاردا بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ، پۈزۈر ياسانغان، ھاراقنى ئەرلىرى بىلەن بەسلىشىپ تۇرۇپ ئىچىپ، ئالا ـ تاغىل تولۋاپ كەيپىيات قوغلىشىدىغان ئاياللار، يالغۇز ئۆيدە قورقۇمسىراپ ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلاۋاتقان بىچارە بالا، خوتۇننىڭ تۈگىمەس سورۇنلىرىدىن، ئۆيگە كەچ قايتىشلىرىدىن غەزەبلەنگەن ئەر، ياشلارنىڭ ھازىرقى بەدخەجلىكنى ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئۆتكەن ياشلىق چاغلىرىغا سېلىشتۇرۇپ خۇرسىنىۋاتقان بوۋاي ـ مومايلار... مانا بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىرەرسى ياكى ھەممىسى ھەر بىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بېرىپ باققان كۆرۈنۈشلەر.

كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان رىقابەت ئالدىدا تېڭىرقاش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇش ۋەزىيىتى ئاستىدا «ئىقتىدارسىزلىقى» تۈپەيلىدىن ئىشسىز قېلىش، تۈگىمەس ئويۇن ـ تاماشالار سەۋەبلىك بەختلىك ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى، باللارنىڭ مۇكەممەل بولمىغان ئائىلە مۇھىتىدا ياخشى تەربىيىگە ئىگە بولالمىغانلىقى سەۋەبلىك يامان يولغا كىرىپ قېلىشى ياكى ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىۋېلىشى، ياشانغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يارامسىز ئەۋلاتلىرى ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلىشى نەتىجىسىدە ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى خاتىرجەملىكتىنمۇ مەھرۇم قىلىشلىرى مانا بۇلار ھازىرقى مەسئۇلىيەتسىزلىكىمىز تۈپەيلى كەلگۈسىدە پۈتكۈل ھاياتىمىز بىلەن تۆلەيدىغان ئېغىر بەدەل!
كونىلار ئېيتقاندەك «كۈننىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ». گەرچە ھازىر نۇرغۇن نەرسىلەر تۇرمۇشىمىزدىكى يېڭى شەيئى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنى ئۆزىگە رام قىلىۋالسىمۇ، ئاقىۋەتتە ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشىمىز يەنىلا مەلۇم بىر مەزگىللىك بولۇپ قالىدۇ. بىزدە ئۇنتۇلبۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇرىدىغىنى يەنىلا ئەڭ تەبىئىي، ئەڭ قەدىمىي نەرسىلەر خالاس.

توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، ھەر خىل بىرىم ـ كېلىملەر ئەسلىدە خەلقىمىزنىڭ ئىجىل ـ ئىناق ياشىشىدىكى ۋاستە ئىدى. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئۇ «ئىقتىدارلىق» ئاياللىرىمىز تەرىپىدىن «ئىسلاھ ۋە تەرەققىي» قىلدۇرۇلۇپ، بۈگۈنكى كۈندە مەنسەپ ـ مەرتىۋە، ئابروي، ئۈستۈنلۈك تالىشىشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەپسۇس، ئۇلار ئاشۇ ئىقتىدارىنى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئائىلىسىنى ياخشى باشقۇرۇش، ئەۋلاتلارنى ياخشى تەربىيىلەشكە قاراتقان بولسا، ئۇ چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئاجايىپ سۆيۈندۈرگەن بولاتتى.
بەزىدە روھىيىتىمىزدە ئاجايىپ بىر خىل بۇرۇختۇرمىلىقنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. ھايات مەنزىللىرىدە بىز ئۈچۈن قىلچە ئەھمىيەتسىز بولغان بىرقىسىم يۈكلەرنى مەجبۇرىي ھالدا يەلكىمىزگە ئارتىۋېلىپ، ئۆزىمىزنىمۇ سەپەرداشلىرىمىزنىمۇ ھاردۇرىۋېتىمىز. ئەمما قانداقتۇر بۇ يۈكنى يەلكىمىزدىن چۆرىۋېتىپ ياشاپ بېقىشنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەيمىز. ئاقىۋەتتە تۆلىگەن بۇ بەدىلىمىزنىڭ ئورنىغا ئائىلىدىكى ئىناقسىزلىق، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ نارازىلىقى، باللىرىمىزنىڭ ئاغرىنىشلىرى، يەنە «ھەشەمەتخور خوتۇنلار» تەرىپىدىن كىيگەن كىيىمىمىز، تاقىغان زىبۇ ـ زىننەتلىرىمىز، داستىخاندىكى ئالىلقانداق مەرتلىكلىرىمىز، ئەرلەرنى بېسىپ چۈشكۈدەك «شوخلۇق»لىرىمىز بىلەن مەنسەپ قاتلاملىرىغا ئايرىلىپ قېلىشلىرىمىز كىشىنىڭ قورسىقىنى كۆپتۈرىدۇ.
«دۇنيادا سورىقى يوق ئىش بولمايدۇ» دەيدۇ كونىلار. دېمەك، ياشاشنىڭ ئۆزى مەسئۇلىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۆمرىدە قىلغان ھەر بىر ئىشى ئۈچۈن مەسئۇل بولۇشى كېرەك. ھەر بىرىمىزنىڭ قۇلىقىغا «ئاياللار مىللەتنىڭ ئانىسى» دېگەن بۇ سۆز يات ئاڭلانمىسا كېرەك. ئەمما بۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ ئاياللارنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان ئاياللار ئارىمىزدا ئانچە كۆپ ئەمەس.

نەزەر ـ دىققىتىمىزنى ھەشەمەتخورلۇق، ئىسراپخورلۇق بىلەنت ولغان بەزمە سورۇنلىرىمىزدىن ئەتراپىمىزدىلا ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىگىلا تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدايدىغان ئائىلىلەرگە، نامراتلىقتىن ئوقۇشىنى قىلىۋاتقان باللارغا، تەرەققىياتنىڭ ئاستىلىقى تۈپەيلى ھەر يىلى دېگۈدەك تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلالمايۋاتقان بىچارە خەلقلەرگە، مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن باشقىلار تەرىپىدىن ئاياغ ـ ئاستى قىلىنىسمۇ، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشنى بىلمەيدىغان قىز ـ ئاياللىرىمىزغا ئاغدۇرۇپ باقايلى. ئەجبا بۇلار بىزنىڭ بىرقىسىم ئورۇنسىز سورۇنلىرىمىزدىن ۋاز كېچىشىمىزگە سەۋەب بولالماسمۇ؟ دۇنيا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بۇ تەرەققىيات مۇقەررەركى تېخىمۇ كەسكىن رىقابەتنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. كۈچلۈكلەر غەلىبە قىلىدۇ، ئاجىزلار مەغلۇپ بولىدۇ. ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشنى خالىمىغانلار جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىنىپ، ئاقىۋەتتە يوقىلىش قىسمىتىگە دۇچار بولىدۇ.
مىللەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى، باللىرىمىزنىڭ ئىستىقبالى پۈتۈنلەي ئاياللىرىمىزنىڭ ئىقتىدارىغا باغلىق. دەرۋەقە يەلكىمىزدىكى يۈك ھەقىقەتەن يەڭگىل ئەمەس. دەۋر بىزنىڭ لاياقەتلىك ئايال، قابىلىيەتلىك ئانا، ئىقتىدارلىق ئادەم بولۇشىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ بەدەللەرنى تۆلىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئاي ئاياللار «بىر قولدا بۆشۈكنى، بىر قولدا ئالەمنى تەۋرەتكەن» قوللىرىمىز كىشىلەر قەلبىدىكى قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ ئوبرازىنى يوقىتىپ قويمىسۇن!

## ئۇيغۇر قىزلىرى

كەل ھەي سۆيۈملۈك ئۇيغۇر قىزى، ساڭا بۇ نەسىھەتلەرنى قىلاي، ئۇلارنى ياخشى ئۆگىنىپ ئەمەل قىلساڭ، ئۆمۈر بويى راھەتتە ياشايسەن ئۆمۈر يولدىشىڭ بىلەن ھېچ قاچان ئاراڭلار بۇزۇلمايدۇ. بۇ دۇنيادا بەختلىك ياشىغانغا ئوخشاش ئاخىرەتتىمۇ خوشال ياشايسەن، مەڭگۈ بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىسەن .
1. قانائەتلىك بول يەنى، ئۆمۈر يولدىشىڭ كەلتۈرگەن ئۇزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەكنىڭ ھەممىسىنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلغىن. چۈنكى قانائەت قەلبكە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ .
2. ئېيتىلىۋاتقان گەپلەرنى دائىم قۇلاق سېلىپ ئاڭلا ۋە ھەمىشە ئىتائەتمەن بول. ئۆمۈر يولدىشىڭغا ئىتراز بىلدۈرمە. ئۇنىڭ بىلەن ھەم پىكىر ۋە بىر نىيەتتە بولۇشقا ھەركەت قىل. بۇنداق ھەركەتلەر بىلەن جانابى ئاللاھۇ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىسەن .
3. يولدۇشىڭنىڭ كۆزى چۈشىشى مۇمكىن بولغان ھەممە جايغا ئىتىبار بەر، شۇنداق قىلغىنكى، ئۇنىڭ كۆزى زىنھار قالايمىقان ھالەتلەرگە چۈشمىسۇن .
4. يامان ھىد چىقىش ئېھتىمالى بولغانلىكى نەرسە ۋە يەرلەرگە دىققەت قىل، ئۇلارنى تېپىپ تازلا. ئۆيىڭدىن دائىم خۇشپۇراقلار ئۇزۇلمىسۇن. چۈنكى پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر .
5. شۇنى ياخشى بىل، تازلىق ۋە لاتاپەت سۇغا باغلىق. ھەرقانداق نەرسە سۇ بىلەن پاكىز بولىدۇ. ئۆيلەردە سۇنىڭ پاكىز بولۇشىغا دىققەت قىل .
6. يولدۇشىڭنىڭ تاماقلىنىش سائىتى ۋە ئۇيقۇ ۋاقتىغا دىققەت قىل، تاماقنى ھەمىشە ئۇنىڭ ئادىتى بويىچە تەييارلا. ۋاقتىدا ئوزخلاش ئۈچۈن ئىشىگنى ۋاقتىدا توگەت. چۈنكى، ئاچلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىق خاپىلىققا سەۋەپ بولىدۇ .
7. ئۆيۈڭدىكى مال ـ مۈلۈك ۋە جازىلارغا ئېھتىيات قىل،ئۇلارنى پاكىز تۇت. ئۆيۈڭدىن چاڭ ـ توزاڭ نىرى كەتسۇن .
8. يولدۇشىڭنىڭ يېقىنلىرىغا چىرايلىق مۇئامىلدە بول، بۇ سىنىڭ ياخشىلىقىڭنى بىلدۈرىدۇ. بىراۋغا مۇئامىلە قىلغاندا ئۇچۇق ـ يۇرۇق دوستانە بول .
9. يولدۇشىڭنىڭ سىرلىرىنى زىنھار باشقىلارغا تىنما. ئەگەر سىرلىرىنى ئەتراپقا يايساڭ، سەندىن رەنجىيدۇ. بۇۋاپالىق يولغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن .
10. يولدۇشىڭنى ھۆرمەت قىل. بۇيرۇقلىرىنى بىجىر. گەپ قايتۇرۇپ جاۋاپلاشما. ئەگەر ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ جاۋاپلاشساڭ، ئاچچىقى كىلىپ رەنجىشىگە ھەتتا دۈشمەن كەبى ھەركەت قىلىشىغا سەۋەپ بولىسەن. يولدۇشىڭنىڭ غەمكىن ۋەخاپا بولغاندا ئۆزۈڭنى خۇرسەن تۇتما. ئۇنىڭ غەم ـ ئەندىشىگە شېرىك بول ھەم سەن شۇنداق كەيپىياتتا بول .

قىسقىسى ،ئەي سۆيۈملۈك ئۇيغۇر قىزى ،سەن يولدىشىڭنى قانچىلىك ھۆرمەت قىلساڭ شۇنچىلىك ھۆرمەتكە، مۇھەببەتكە ئېرىشىسەن .ھەمىشە ئەخلاقلىق، ئىپپەتلىك بول. «ئاياللارنىڭ ئەڭ گۈزىلى ھايا ۋە ئىپپەت پەردىسىگە ئورۇنغانلاردۇر»

مەنبە ؛ ـ تۇرمۇش خاتىرىسى

# يەتتە قىزلىرىم

نەبىجان تۇرسۇن
تۇرسۇن بارات

ئۈچتۇرپاندىكى 《يەتتە قىزلىرىم مەقبەرىسى》 توغرىسىدىكى رىۋايەت ئۈچتۇرپان خەلقى ئىچىدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كىلىۋاتقان باتۇرلۇق، مەرتلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئوقۇلغان تۈگىمەس ناخشىنىڭ نامايەندىسى. 《يەتتە قىزلىرىم》، 《سەككىز قىزلىرىم》، 《يالغۇز قىزلىرىم》 دىگەندەك مەقبەرىلەر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بار،ئەمما،ئۈچتۇرپاندىكى 《يەتتە قىزلىرىم مەقبەرىسى》 توغرىسىدىكى رىۋايەت باشقا رىۋايەتلەر بىلەن زادى ئوخشاشمايدۇ. 《يەتتە قىزلىرىم مەقبەرىسى》 ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقتوقاي تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي يان باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، ياغاچ رىشاتكا ئىچىگە ئېلىنىپ توپىسى يېپىلغان ھەيۋەتلىك مەقبەرىدۇر. تارىخىي ماترىياللاردىن ئىسپاتلىنىشىچە بۇ مەقبەرە مىلادى 1765 ـ يىل (چيەنلوڭنىڭ30 ـ يىلى) دىھقانلار ئېيى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن رەھمىتۇللا، ئەسمىتۇللا بەگلەر باشچىلىقىدىكى مەشھۇر ئۈچتۇرپان دىھقانلار قوزغىلىڭى(جىگدە يېغلىقى)نىڭ ئايال قاتناشچىسى پەھلىۋان ـ مايىسخان باشلىق يەتتە قىزنەۋكەرنىڭ قەبرىسىدۇر.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1759 ـ يىلى شىنجاڭدىكى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن، 《شىنجاڭغا نىسبەتەن ناھايىتى قاتتىق قوللۇق سىياسەت يۈرگۈزدى》 . شىنجاڭدامانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى، يەرلىك فىئودال ۋە دىنىي ئىمتىياز ئىگىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچتەرەپنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىپ، خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى كۈچەيتتى. بىرمىللەتنى يەنە بىر مىللەتكە قارشى قويۇپ، مىللەتلەر ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك پەيداقىلدى. يەرلىك ھاكىم ـ بەگلەرگە ئىشەنمەي ئۆزلىرىگە ئەڭ بۇرۇن ئىتائەتمەنلىك بىلدۈرگەن، جۇڭغارلار ئۈستىدىن غەلبە قازىنىشتا زور ياردەم كۆرسەتكەن قۇمۇل،تۇرپان،پىچانلاردىكى بىر تۈركۈم ھاكىم ـ بەگلەرنى ئۈچتۇرپانغا يۆتكەپ كىلىپ يەرلىك بەگلەر ئۈستىدىن نازارەت قىلدۇردى ۋە كۈچەيتتى.

ئۈچتۇرپان خەلقى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى خەلقلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ كۆپ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئازاپقا ئۇچرىدى. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۈچتۇرپاندىكى ئەمەلدارلىرى كەيىپ ـ ساپاغابېرىلىپ، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئىنتايىن چىرىكلەشتى. قۇمۇل ۋاڭ جەمەتىدىن بولغان ئابدۇللا ئۈچتۇرپانغا ھاكىم ـ بەگ قىلىپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۇ يەرلىك خەلقنى دەھشەتلىك ئەزدى. ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىنى ئۈچتۇرپاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كىچىك بەگ قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ بەگلەر قۇمۇل ۋاڭلىرى ئىلگىرىدىن تارتىپ قوللانغان دارخانلىق تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، دىھقانلارنى ئالتە كۈنگۈڭ ،ۋاڭ، بەگلەرگە، بىر كۈن ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەشكە مەجبۇر قىلدى. چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە 《ئۈچىنچى دەرىجىلىك ھاكىم ـ بەگلەرگە 150 پاتمان يەر (3975 مو)، 100 ئۆيلۈك ئوتاقچى تەقسىم قىلىپ بەردى، يىللىق مۇئاشى ئۈچۈن 30 مىڭ يارماق يىغۋېلىش، 6 ـ دەرىجىلىك بەگكە 30 پاتمان يەر (985 مو)، تۆت ئائىلىك ئوتاقچى تەقسىم قىلىپ بەردى ،يىللىق مائاشى ئۈچۈن 5000 يارماق يىغۋېلىش》 دىن ئىبارەت ئالاھىدە ئىمتىياز بەردى. مۇنداق ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولغان يەرلىك ئەمەلدارلار مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرىنى ئارقا تىرەك قىلغان ھالدا شەخسىيەتچىلىكتەئۈچىغا چىقىپ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى. جۇڭغارلار دەۋرىدە يۈرگۈزگەن كوناتۈزۈمنى تەكرار يولغا قويۇپ، خەلقتىن يىغىۋالغان نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئوندىن ئۈچ قىسمىنى مانجۇلارغا تاپشۇردى، قالغانلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يانچۇقلىرىغا سالدى. ئۇنىڭدىن باشقا چىڭ ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرى خەلقنى زورلاپ، ھۇل كەڭلىكى بەش مېتىر، ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، ئۈستى كەڭلىكى بەش مېتىر، ئۇزۇنلىقى 1544 مېتىر كېلىدىغان ئامبالئىشخانىلىرى، ھەربىي گازارما، ئىسكىلات، تۈرمە، بۇتخانىلىرى بار تۆت چاسا، تۆتدەرۋازىلىق

سىپىل سالدۇردى، ھەمدە شەھەرنىڭ نامىنى يۇڭنىڭ دەپ ئاتىدى، سىپىل سوقۇش ئالۋىڭى تېخىمۇ دەھشەتلىك بولدى. سىپىل سوقۇش جەريانىدا 《توختى》، 《تۇردى》، 《تۇرسۇن》 ئىسىملىك كىشلەرنى سىپىلگە باستى. بۇ ئالۋاڭلاردىن باشقا يەنە كەڭ خەلق ئاممىسى مەسچىت، مەدرىسلەرگە، ئىمام ـ ئاخۇنۇم، قازىلارغا ئۆشۇر ـ زاكات تۆلىدى، ۋەخپىلەرگەھەقسىز ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى ئىش بىجىرىش ئامبىلى ـ سۇچىڭ 1759 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1765 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە ئۇچتۇرپاندا تۇرغان بەش يىل ئىچىدە ئابدۇللارغا ماسلىشىپ ۋە بەلكى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئېشىپ خەلىققەدەھشەتلىك زۇلۇم سالدى. سۇچېڭ ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى، قول ئاستىدىكى چېرىكلىرى يەرلىك خەلىقلەرنىڭ خۇتۇن ـ قىزلىرىنى ئاياغ ـ ئاستى قىلدى. 19 ـ ئەسردە ئۆتكەن خوتەنلىك تارىخچى مەھمۇد ئەلەمنىڭ 1897 ـ يىلى يېزىپ قالدۇرغان 《خوتەن تەزكىرىسى》 دىن مەلۇم بولۇشچە ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ تۆلىگەن ئالۋاڭ ـ ياسقى 《جان پۇتىگى》، 《چوتا بېشى》، 《خانپۇلى》، 《يەر پۇلى》، 《قونالغۇ》، 《ئوت پۇلى》، 《پۇقرالىق》، 《باسقاق》، 《ھوۋدارلىق》، 《مىراپلىق》، 《غەللە》، 《باج》، 《يەم ـ خەشەك》، 《تاپان ھەققى》، 《چاي》 قاتارلىق 65 خىلغا يەتكەن.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە يەرلىك بەگلەرنىڭ ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان زۇلمى ئۇچتۇرپان خەلقىنى پارتىلاش دەرىجىسىگە ئاپىرىپ قويغان ئىدى. خەلق زۇلۇمغا چىدىماي تۇرغان بىر ۋاقىتتا 《كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلتىۋال》 دىگەندەك پادىشاھ چيەنلوڭ ئامبال سۇچېڭغا جىگدە يۆتكەش يارلىقى چۈشۈردى (1765 ـ يىلى 1 ـ ئايلاردا). بۇيرۇققا بىنائەن ئامبال سۇچېڭ ئۇچتۇرپاننىڭ 《جىگدىلىك》 دىگەن يېرىدىن جىگدە كۆچتى ئېلىپ، 100ساندۇققا قاچىلاپ 240 نەپەردىن كۆپرەك ھاشارچىغا كۆتۈرگۈزۈپ كىچىك بەگ رەھمتۇللانىڭ مەسئۇللىقى، مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ نازارىتىدە بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردۇ، ھاشارچىلار 1765 ـ يىلى دېھقانلار ئېيى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جىگدەكۆچتى ۋە ئامبال سۇچېڭنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى كۆتىرىپ يولغا چىقىپ ئۇچتۇرپاننىڭ 《ئىلقىشدۆڭ》 دىگەن يېرىگە كەلگەندە، بىر ھاشارچى ھېرىپ قالدۇ. بۇنى كۆرگەن مانجۇ چېرىكى ھاشارچىنى چېپىپ تاشلايدۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن رەھمتۇللاھ بەگنىڭ غەزىپى تاشىدۇ ـ دە، ھاشارچىلارنى 《جىگدىنى تاشلاپ چېرىكلەرنى ئۇرۇڭلار!》 دەپ بۇيرۇق چۈشۈردۇ. شۇنىڭ بىلەن نامى مەشھۇر ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتىلايدۇ. قوزغىلاڭچىلار شۇ بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا ئۇچتۇرپاننىڭ 《قارا غوجا》، 《ياۋاغ》، 《ئاق بوز》، 《قۇمۇچلۇق》، 《جىگدىلىك》، 《ئاقتوقاي》 يېزىلىرىداچىڭ قۇشۇنلىرى بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىپ شەھەرنى تارتىۋالدۇ. ئامبال سۇچېڭ 《مۆلچەرتاغ》 قەلئەسدە ئۆزىنى پارتىلتىپ ئۆلىۋالدۇ، ئابدۇللا بەگ قېچىپ كىتىدۇ.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان دەرتمەن دېھقانلار ئۆزلىكىدىن قوزغىلاڭچىلار سېپىگەقوشۇلۇپ، رەھمتۇللا ۋە ئەسمتۇللا بەگلەرنىڭ يىتەكچىلىكىدە شەھەرنى قاتتىق كونترول قىلىدۇ. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ چيەنلوڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق گېنرال مىڭرۇي، قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئامبىلى ناشتوڭ، ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئامبىلى بيەن تاخەي قاتارلىقلارغا قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش توغرىسدابۇيرۇق چۈشۈردۇ. جۈملىدىن پادىشاھ چيەنلوڭ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىك، ئەڭ تەجرىبىلىك گېنرالى ئاگۈينى باش قوماندان قىلىپ ئەۋەتىدۇ.

قەھرىمان ئۇچتۇرپان دېھقانلىرى رەھمتۇللا بەگ، ئەسمتۇللا بەگلەرنىڭ يىتەكچىلىكىدە چىڭ قۇشۇنلىرى بىلەن ئالتە ئاي جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرى 1765 ـ يىلى دېھقانلار ئېيى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سودىگەرئاقساقلى ساۋۇت، شېرىپ دىگەنلەرنىڭ خائىنلىق قىلىشى بىلەن ئېچىنىشلىق مەغلۇپبۇلىدۇ. چىڭ قۇشۇنلىرى قوزغىلاڭچى دېھقانلارنىڭ ئۇچتىن بىر قىسمىنى چېپىپ تاشلايدۇ. 10 مىڭ كىشىنى تۆت تۇركۈمگە بۆلۈپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق بالايى ـ ئاپەت يۇرتتا قېلىپ قالغان قېرى ـ چۆرى، نارسىدەباللار، خۇتۇن ـ قىزلارنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. مانا مۇشۇنداق پەيتتە، رەھمتۇللا بەگنىڭ سىڭلىسى مايسخان ئاتا ـ ئانلىرى، سۆيۈملۈك ئەرلىرىدىن، بىگۇناھ قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلغان يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە ئەر ـ ئايالالارنى، 《گۇڭشاڭ》 ئۇرۇشدا تارقاپ كەتكەن ئەمەت بۇرغۇي، يولۋاس پەھلىۋان قاتارلىق 150 دەك ئەركەكنى قايتا تەشكىللەپ تاغ،ئورمان ئارلىرى، يار جىلغىلارغا يۇشۇرۇنۇپ، چىڭ قۇشۇنلىرىغا قاخشاتقۇچ زەربەبىرىدۇ، ئۇچتۇرپان خەلقى ئارىسدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان رىۋايەت ۋە رەھمتۇللا بەگ مايسخان ئەۋلادلىرى ئىچىدە سۆزلىنىپ كېلىۋاتقان ھېكايىلەردىن قارىغاندا 《مايسخان جېڭى》 ئۈچ ئاي داۋاملاشقان، مايسخان ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى غۇنچىخان باشلىق يەتتە نەپەرئايال قوزغىلاڭچى ئاقتوقاي ئۇرۇشدا قورشاۋدا قېلىپ،ئاخىرى تاغدىن ئۆزىنى ئېتىپ مەرتلەرچە قۇربان بولغان، كېيىن ھايات قالغان ئەل ـ يۇرت مايسخان باشچىلىقىدىكى ئايال

قوزغىلاڭچىلارنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن يەتتە قىزنىڭ قەبرىسىنى ئاقتوقاي تېغىنىڭ غەربىي شىمالىغا ياسىغان.
مەنبە:شىنجاڭ ياشلىرى ژورنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 2 ـ سانى

# پىچانىدىكى يەتتە قىزلار مازىرى تۈغرىسىدا ئىزدىنىش

ئاپتور: ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە بىر قانچە جايدا «يەتتە قىز قەبرىسى، يەتتە قىز مازىرى» دەپ ئاتالغان قەبرە ۋە مازارلار بولۇپ، بۇلاردىن داڭلىق بولغانلىرى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىكى» يەتتە قىزلىرىم مازىرى» بىلەن پىچان ناھىيىسىدىكى» يەتتە قىزلار مازىرى»دۇر.

يەتتە قىزلار مازىرى پىچان ناھىيىسى لەمجىن بازىرى چۇۋاڭكىر مەھەللە يۇتۇق كەنتىنىڭ جەنۇبىغا بىر كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان، لەمجىن بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەن چوڭ ئۆستەڭ شەرقتىن – غەربكە سوزۇلغان چوڭ غولنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئىدىقۇت تېغىنىڭ مۇشۇ جايىدىكى قىسمىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئۇزۇن كەتكەن تاغ كاربدورىنى ھاسىل قىلغان، غەربىي تاغنىڭ ئۆستىدە يەتتە قىزلار مازىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «يەتتە يىگىتلەر» دەپ ئاتالغان ئۈچ –تۆت مېتىر ئېگىزلىكتىكى تىك شەكىللىك يەتتە چوقچا بار .شەرقىي تاغدىكى «يەتتە قىزلار» مۇ ئوخشاش يەتتە چوقچا (ئەمەلىيەتتە ئالتە چوقچا (دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تاغ باغرىدا يەتتە قىزلار مازىرى بار.

بىز بۇ يەردە «يەتتە قىزلار » مازىرى ئۈستىدە توختىلىمىز. يەتتە قىزلار مازىرى ۋە» يەتتە يىگىتلەر» بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق بولغاچقا، بۇ ئارقىلىقمۇ يەتتە يىگىتلەر تۈغرىسىدا مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

يەتتە قىزلار مازىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېردىئان "12 ـ "11'8956°، شىمالىي پاراللىل "6'51°427 ـ قا توغرا كېلىدۇ. پىچانلىقلار بۇ مازارنى «يەتتە قىزلار غوجام»دەپ ئاتايدۇ. ھازىرقى مازارشەيخلىرىنىڭ دېيىشىچە: «يەتتە قىزلار مازىرى»تۈغرىسىدا ئايرىم تەزكىرە يېزىلغان ۋە ساقلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ» بورانلىق يىللار»دا» كونىلىق»دەپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن يەتتە قىزلار مازىرى تۈغرىسىدىكى تەزكىرە پەقەت مازار شەيخلىرى ۋە كىشىلەر ئارىسىدا رىۋايەت بولۇپ قالغان.

1. يەتتە قىزلار مازىرى» تۈغرىسىدا ئىككى رىۋايەت.

يەتتە قىزلار مازىرى «تۈغرىسىدىكى تەزكىرەيۇقالغان. مازار شەيخلىرى ۋە كىشىلەر ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەت بولسا، قويۇق ئىسلامىي تۈس ئالغان ئەپسانىۋىي رىۋايەت. مانا شۇ رىۋايەتلەرنى كىشىلەر مازارغا تاۋاپ قىلىشقا دەستەك قىلىدۇ. بىزدە باشقا تەزكىرە ماتېرىيال ۋە باشقا تارىخىي ئۆچۈر بولمىغاچقا بۇ مازارنىڭ شەكىللىنىشىنى رىۋايەتلەردىن ئايرىپ قاراشقا ئامالسىزمىز.

بۇ ئىككى رىۋايەتنىڭ بىرى، «يەتتە يىگىت»، «يەتتە قىزلار»نىڭ تاشقا ئايلانغانلىقى تۈغرىسىدىكى رىۋايەت. يەنە بىرى، غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇم (كىلاسسىك شائىر ئەھمەت غوجامنىياز قۇسۇرىنىڭ ئاتىسى(چۈشىدە كۆرگەن مەلۇمات بويىچە يەتتە قىزلار مازىرىنى ئېنىقلىشى تۈغرىسىدىكى رىۋايەت.

بىرىنچى رىۋايەت» :يەتتە يىگىت، يەتتە قىزلار»نىڭ تاشقا ئايلانغانلىقى تۈغرىسىدىكى رىۋايەت.

بۇرۇن ئىدىقۇت تېغى باغرىدا ناھايىتى باياشات بىر يۇرت بولغان ئىكەن .كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بۇ يۇرتقا قارا كاپىرلار كىلىپ پاراكەندىچىلىك سالغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ يۇرتقا ئەل ئىچىدە داڭقى چىققان «يەتتە قىز، يەتتە يىگىت«بولۇپ، ئۇلارنى يۇرتنى قوغداش ئۈچۈن قارا كاپىرلارغا قارشى جەڭ قىلىپ نۇرغۇنلىرىنى يەر چىشلىتىپتۇ. دۈشمەن ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا بۇ يۇرت خەلقىنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆلۈپ تۈگەپتۇ. قارا كاپىرلارغا تەڭ كەلگىلى بولمايدىغانلىقنى پەملىگەن «يەتتە يىگىت «يەتتە قىزنى قاچۇرۇۋېتىپ، دۈشمەن بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىشنى ئىرادە قىلىپتۇ. «يەتتە قىزلار»ئۇلارنىڭ دىگىنىگە قۇشۇلماي «يەتتە يىگىت»لەر بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپتۇ. يەتتە يىگىتلەر يەتتە قىزلارغا قايتا – قايتا نەسىھەت قىلىپ، ئاخىرىدا ئۇلارنى كۆندۈرۈپ شەرق تەرەپكە قاچۇرۇۋېتىپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپتۇ. بىر-بىرىدىن چىرايلىق قىزلارنىڭ شەرق تەرەپكە قاچقانلىقنى كۆرگەن قارا كاپىرلار بۆلۈنۈپ قىزلارنى قوغلاپتۇ. قىزلارغا تۆگىلەر شۇنچە تېز ماڭسىمۇ ئاستا ماڭغاندەك بىلىنىپ تېخىمۇ تېز مېڭىش ئۈچۈن يۈك-تاقلىرىنى تاشلاپ مېڭىپتۇ. قارا كاپىرلار يىقىنلاپ كەلگەچكە«يەتتە قىزلار»تۆگىلىرىنىمۇ تاشلاپ ئىدىقۇت تېغىغا قاراپ قېچىپتۇ ۋە يول بويى نۇرغۇن قارا كاپىرلارنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ھالاك قىلىپتۇ . كۈچلۈك دۈشمەن داۋاملىق قوغلاپ كەپتۇ، قارا كاپىرلاردىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن«يەتتە قىز»تاغ بېشىدا تۇرۇپ، «ئۇلۇغ ئاللاھ»بىزنى مۇشۇ قارا كاپىرلارنىڭ قولىدا « رەسۋا قىلمىغايسەن، بىزنى تاشقا ئايلاندۇرۋەتسەڭ « .......دەپ ئاللاھتىن تىلەپتۇ .ئۇلارنىڭ تىلىكى ئاللاھقا يىتىپ، ئاللاھ ئۇلارنى «يەتتە يىگىتلەرنى، ئۇلارنىڭ يۇرت، تۆگە، يۈك-تاقلىرىنى ۋە باشقا نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشقا ئايلاندۇرۋېتىپتۇ .قارا كاپىرلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تاغ باغرىدا تۇرۇپ ئاھ ئۇرۇپتۇ» .قىزلارنى چۈشۈپ قالارمىكىن» دەپ نەغمە-ناۋالار قىلىشىپتۇ. لىكىن قىزلار تاغدىن چۈشمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن «يەتتە قىز» ۋە «يەتتە يىگىت»تاشقا ئايلىنىپ، شەرقىي تاغ ۋە غەربىي تاغدا بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇۋېتىپتۇ .ئۇلار ھازىرغىچە ھايات بولۇپ، ھەر كېچىسى ئۇچرىشىپ تۇرىدىكەن. شۇنداقلا ياخشى كىشىلەرگە يۇلۇقۇپ كارامەت ئاتا قىلىدىكەن.

ئىدىقۇت تېغىدىكى «تاشقا ئايلانغان يەتتە قىز»دىيىلگەن چوققا ئەمەلىيەتە ئالتە چوققا، لىكىن كىشىلەر «يەتتە قىزلارنىڭ بىرى يەتتە يىگىتلەر قىشىدا قالغان»دىگەنگە قاتتىق ئىشىنىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ بىر ئەپسانىۋىي رىۋايەت، بۇ رىۋايەت مازارنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە تاۋاپ قىلىنىشىدىكى دەلىل-ئىسپات سۈپىتىدە سۆزلىنىدۇ.

ئىككىنچى رىۋايەت: غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ چۈشىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن «يەتتە قىزلار مازىرى»نى ئاشكارلىشى.

بۇ مۇ شەيخلەر ئارىسىدا رىۋايەت .بۇنىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق:

غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇم لۈكچۈندىكى ئۇستا تىۋىپ بولۇپ، ئۇ غايىپنى بىلىدىغان ۋە بەزى ئىشلارنى ئالدىن بىشارەت بېرىدىغان كىشى ئىكەن. ئۇ لۈكچۈندىن چۈۋاڭقىر يۇتۇقتا دورا - ئۇسۇملۇكلىرى يىغقىلىچىقىپتۇ. بىر كۈنى ناماز ئوقۇپ ئوخلاپ قىلىپ، چۈشىدە «يەتتە قىزلار» ئايان بولۇپتۇ، ئۇ يەتتە قىزلارغا ئاتاپ گۈمبەز ياساتماقچى بولۇپ مۇۋاپىق جاي ئىزدەپ، ئاخىرى ھازىرقى «يەتتە قىزلار «مازىرىنىڭ بىر چاقىرىم غەربىي تەرىپىدىكى بىر جايىنى» يەتتە قىزلارنىڭ مازىرىنىڭ قەدەم جايى» دەپ مۇقىملاشتۇرۇپ، چىرايلىق گۈمبەز ياساتىپتۇ. گۈمبەز پۈتۈپ ئەتىسى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ .گۈمبەزنى قايتىدىن قوپۇرۇپتۇ .يەنە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ .بۇ ئەھۋال ئۇدا ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىپتۇ، ئۈچىنچى قېتىم گۈمبەز ئۆرۈلۈپ چۈشكەن كۈنى ئاخشىمى غوجامنىياز ئاخۇنلۇققۇمنىڭ چۈشىدە يەتتە قىزلار قايتا ئايان بولۇپتۇ. غوجامنىياز ئاخۇرنلۇقۇم قايتىدىن يەتتە قىزلار چۈشىدە ئايان بولغان جايىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ، ۋە چۈشىدە ئايان بولغان يەتتە قىزلارنىڭ قاتارلىشىپ ئولتۇرغان ھالىتى بويىچە ھەر بىر قىزغا بىردىن ئاتاپ يەتتە گۈمبەز ياستىپتۇ. ۋە يەتتە گۈمبەزنىڭ كەينىگە چوڭ بىر گۈمبەز، بىر خانقا، بىر ئېتىكاپخانا، ئاشخانا ۋە ئۈچ ئېغىز تىلاۋەتخانا ياستىپ، بۇ جايىنى «يەتتە قىزلار مازىرى»دەپ خەلققە ئاشكارلاپتۇ.

لۆكچۈنگە بېرىپ، يەكەندىن كىلىپ لۈكچۈندە تۇرۇۋاتقان سۇپىلاردىن بىرىنى ئائىلىسى بىلەن چۈۋۈاڭقىر يۇتۇقتا ئەچىقىپ مازارغا شەيخ قىلىپ بەلگىلەپتۇ .لۈكچۈن ۋاڭىغا خەۋەر قىلىپ، مازارنىڭ شەرقىدىكى كارىز سۈيىدە سۇغۇرۇلىدىغان ئېتىزلارنى مازارغا ۋەخپە قىلدۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «يەتتە قىزلار مازىرى»نىڭ نامى ئەل ـ يۇرتقا تارىلىپ، «ئۇلۇغ مازار»دەپ ئاتىلىپتۇ.

يۇقارقى ئىككى رىۋايەتتىن شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، يەتتە قىزلارنىڭ تاشقا ئايلانغانلىقى تۇغرىسىدىكى رىۋايەت بۇرۇندىن خەلق ئىچىگە تارقالغان، كىيىنكى دەۋرلەردە غۇجامنىياز ئاخۇنلۇققۇمنىڭ چۈشىدە يەتتە قىزلار ئايان بولۇشى بىلەن «يەتتە قىزلار مازىرى» ئاشكارلانغان ۋە رەسمىي مازار بولۇپ شەكىللەنگەن.

2. يەتتە قىزلار مازىرى»نىڭ ئاشكارلانغان ۋە شەكىللەنگەن ۋاقتى.

« يەتتە قىزلار »نىڭ تاشقا ئايلانغان ۋاقتىنى ئىسلام دىنىدىن خېلى خەۋرى بار موللىلار «يەتتە قىزلار موسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرتلىرى ئىكەن، بۇ موسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە بولغان ئىش»دەيدۇ. لىكىن بۇنىڭ ھېچقانداق ئاساسي يوق.

يەتتە قىزلار مازىرىغا ـ 1999 يىلى تۇرپان مەدەنىيەت ـ يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى تاش ئابىدە ئورناتتى . بۇ تاش ئابىدىگە مۇنداق يېزىلغان: «يەتتە قىزلار مازىرى قەبرىستانلىقى 1962 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن. يىل دەۋرى :تاڭ سۇلالىسىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان ئارلىقتا توغرا كىلىدۇ». بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى »يەتتە قىزلار مازىرى»ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى قەبرىستانلىق .ئىسلامىيەتتىن كىيىن بۇ قەبرىستانلىق بىر مەزگىل تاشلىۋېتىلگەنمۇ ياكى داۋاملىق ئادەم دەپىنە قىلىنغانمۇ بۇنى بىر نەرسە دىمەك تەس. لىكىن بۇنىڭ ئىككى خىل ئېھتىماللىقى بار.

بىرىنچى: غۇجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ مازارنى ئاشكارلىشىغىچە بولغان ئارلىقتا بۇ قەبرىستانلىققا ئادەم دەپىنە قىلىنمىغان. «يەتتە قىزلار مازىرى»نىڭ تەبىئىي يەر شەكلى يەنى بۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن چوڭ ئۆستەڭدىن ئۆتۈشكە توغرا كىلىشى ۋە» يەتتە قىزلار مازىرى»ئەتراپىدىكى جايلاردا بىر قانچە ئىسلام قەبرىستانلىقى بولۇشى بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ئاشۇرىدۇ.

ئىككىنچى :بۇ قەبرىستانلىق ئىسلامىيەتتىن كىيىنمۇ داۋاملىق ئىشلىتىلگەن لىكىن نامى چىقمىغان. پەقەت غۇجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ ئاشكارلىشى بىلەن داڭلىق مازارلاردىن بولۇپ قالغان.

بىز غۇجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ ھايات ـ پائالىيتى ۋە ئۇنىڭ «يەتتە قىزلار مازىرى»نى ئاشكارلىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت. شۇنداقلا بۇنىڭ شۇ زاماندىكى رىئاللىققا قايسى جەھەتلەردىن مۇمكىنچىلىكنى بارلىقنى ئايدىڭلاشتۇرساق يەتتە قىزلار مازىرىنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

ئاتاقلىق ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى غۇجامنىياز ئاخۇنلۇقۇم ـ 1685 يىلى تۇرپاندىكى قەدىمىي، مەشھۇر يۇرت — لۈكچۈندە دىنىي مۇتتۇەر، ئۆلىما ئابدۇللا ھەمدۇل ھەق ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 14 يېشىغىچە دىنىي مەكتەپتە، 19 يېشىغىچە شەرقىي شىنجاڭ بويىچە داڭلىق بىلىم يۇرتى ـ لۈكچۈن جاھانغا مەمورىسىدە ئوقۇغان. 19 يېشىدىن 26يېشىغىچە يەكەنگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان .كىيىن لۈكچۈنگە قايتىپ كىلىپ تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ تىبابەت سەھنىسىگە چىققاندىن كىيىن تېزلا خەلق ئىچىدە شۆھرەت تاپقان شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تەرىپىدىن «غايىپنى بىلىدىغان، ھەر قانداق ئىشقا ئالدىن بېرىدىغان كىشى» دەپ ئۇلاھلاشتۇرۇلغان، تەخمىنەن 1730 ـ يىللار ئەتراپىدا تۇرپان ئۆتەڭ ئارىشىگى تاپقان. )غۇجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ ئەۋلاتلىرى ئۇنىڭ ئۆتەڭ ئارىشىگىنى تېپىشى چۈشىدە ئايان بولغان»دەپ رىۋايەت قىلىدۇ .(ئۇ تىبابەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا لۈكچۈن شەھىرىنىڭ ئاخۇنى) شۇڭا كىشىلەر ھۆرمەتلەپ »ئاخۇنلۇقۇم»دەپ ئاتىغان). ۋاڭ ئوردىسىنىڭ خاس تىۋىپى، شەرىئەت قازىسى، لۈكچۈن بەگلىك

مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى بولغان 177 ـ 7يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن لۈكچۈندە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ جەسىدى ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن(بەزىلەر» چۈشىدە بىشارەت بولغان» دەپ رىۋايەت قىلىدۇ) لۈكچۈندىن 30كىلومېتىر يىراقتىكى خاندۇ غوجامئالدى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. ھازىرمۇ كىشىلەر مۇجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىدۇ. غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ بەتچىلىك تۇغرىسىدىكى ئەسەرلىرى «ئاپەتلىك يىللار»دا يوقالغان.

يۇقارقى قىسقا تەرجىمھالدا غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ چۈشىدە كۆرگەن بىشارەتتىن ئىككىسى تىلغا ئېلىنىدۇ. غوجامىياز ئاخۇنلۇقۇم دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان .كىچىكىدىن دىن تەربىيىسى ئالغان، ياشلىق مەزگىلىدە ئالتە ـ يەتتە يىلنى يەكەندە ئۆتكۈزگەن. بۇ مەزگىل سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ جۇڭغارلار ھامىيلىقىدىكى خوجىلار ھۆكۈم سۈرگەن سوفىزىم تازا ئەۋج ئالغان مەزگىل بولۇپ، يەكەن سوفىزىمنىڭ شىنجاڭدىكى مەركىزى ئىدى. بىز غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئىدىيىسى تۇغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە بولمىساقمۇ شۇنى جەزىملەشتۈرەلەيمىزكى ياش غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇم يۇقارقى ئوبيىكتىپ ۋە سوبيىكتىپ ئامىللار بىلەن تەسەۋۋۇپ تەسىرىدە(سوفىزىم تەسىرىدە)تەركىي دۇنيا بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ يەنىلا تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان .بۇ ئۇنىڭ مازارلارنى بايقىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

«يەتتە قىزلار مازىرى» نىڭ ھازىرقى شەيخى ۋە شەيخ ئەۋلادلىرىنىڭ دېيىشىچە :غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇم يەتتە قىزلار مازىرىنى تۇرپان ئۆرتەڭ ئارىشىڭنى بايقاشتىن بۇرۇن ئاشكارلىغان ئىكەن.

يۇقارقىلار بويىچە ھېساپلىق، »يەتتە قىزلار مازىرى «نىڭ ئاشكارلىنىپ، رەسمىي مازار بولۇپ ئاتالغانلىقىغا ۋە بۇ يەردە تاۋاپ پائالىيىتى ئېلىپ بېرىۋاتقانغا تەخمىنەن280 يىل ئەتراپىدا بولىدۇ.

3. يەتتە قىزلار مازىرى «غا تاۋاپ قىلىشنىڭ سەۋەبى ۋە مەنبەسى.

«يەتتە قىزلار مازىرى «ئەتراپىدا ناھايىتى بۇرۇندىن باشلاپلا ئەجدادلىرىمىز ياشاپ كەلگەن .بۇ يەرنىڭ بىر كىلومېتىر غەربىيدىكى قىزىلقۇم يېڭى تاش قۇراللار خارابىسى، مىلادىيVIئەسىرگە تەۋە قارا تۆپىلىق قەدىمىي قەبرىستانلىقى، مىلادىيVI ئەسىردىنV ئەسىرگىچىلىك بولغان ئارلىققا تەۋە بولغان ئېغىلتام بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى ۋە شەرق تەرىپىدىكى مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ـ VIIئەسىرگىچە بولغان ئارلىققا تەۋە دۆڭ مەھەللە خارابىسى قاتارلىقلار بۇنى ئىسپاتلايدۇ .شۇڭا «يەتتە قىزلار مازىرى» غا تاۋاپ قىلىشنىڭ شەكىللىنىشىنى بىلىش ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرىدىن سۆز باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

قەدىمىي دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتكە بولغان تونۇش چۈشەنچىسى چوڭقۇر بولمىغانلىقتىن ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىدائىي چۈشەنچىلىرىگە تايىنىپ ئېگىز تاغلارنى مۇقەددەس بىلىش بىلەن تاغلار ئۇلۇغلانغان. تۇرپان ئۇيغۇرلىرىغا نىسبەتەن ئوت ئېتىقادچىلىقىنىڭ قوشۇلۇش بىلەن يىراقتىن قارىسا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئۆتتەك كۆرۈنگەن يالقۇنتاغ تېخىمۇ ئۇلۇغلىنىپ، »ئىدىقۇت تېغى» دەپ ئاتالغان .ئۇلۇغ «ئىدىقۇت تېغى» ئۈستىدىكى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان ئالتە چوققا ئەجدادلىرىمىز ئىڭىدا بىر مۇنچە سوئاللارنى تۇغدۇرغان. گەرچە بۇ چوققا ئالتە چوققا بولسىمۇ ئەجدادلىرىمىزدىكى» يەتتە مۇقەددەس سان «چۈشەنچىسى بويىچە «ئالتە چوققانى يەتتە چوققا» دەپ ھېسابلىنىپ، بۇلار توغرىسىدا گۈزەل رىۋايەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. «يەتتە يىگىت، يەتتە قىزلارنىڭ تاشقا ئايلىنىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت»تىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تاغقا چوقۇنۇش ئېتىقادى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن» :يەتتە قىزلارنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ تاغقا چىقىشى، تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ تەڭرىدىن ئۆزلىرىنى تاشقا ئايلاندۇرۇشنى تىلىشى......«قاتارلىقلار .چۈنكى قەدىمقى ئۇيغۇرخانلىرى «ئاقساقاللار كېڭىشى» ، «دۆلەت مەجلىسى«قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنى مۇقەددەس تاغلار ئۈستىدە ئۆتكۈزەتتى① .

ھازىرمۇ يەتتە قىزلار ئەتراپىدا ياشايدىغان ياشانغان كىشىلەر يەتتە قىزلار جايلاشقان ئىدىقۇت تېغىنى كۆرسىتىپ «بۇ تاغ بىزنىڭ ئانىمىز، ئۇ بىزنى چۆلتاغدىن كەلگەن قۇم – بورانلاردىن ساقلايدۇ» دەيدۇ. بۇلارمۇ تاغنى مۇقەددەس بىلىش ئېتىقادىنىڭ بۈگۈنكى داۋامى.

«يەتتە قىز، يەتتە يىگىتنىڭ تاشقا ئايلىنىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت» ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئاز ـ تولا »ئىسلام يىپىنچىسى»ئارتىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ ئىككى ئەسىردىن كېيىن تەسەۋۋۇپچىلىق (سۇفىزىم) پەيدا بولدى . تەسەۋۋۇپچىلار بىۋاستە سىزىم ۋە ئىچكى تەسىرات ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىش. ئادەم بىلەن ئاللاھنىڭ بىرلىشىشى دېگەن سىرلىق ئەقىدىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن پىر ـ ئۇستازلارغا مۇرت بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە روھنى چېنىقتۇرۇپ، قەلبنى پاكلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارخانىقا، مازارلاردا ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، زىكرى قىلىشىدۇ. مازار تاۋاپ قىلىش تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ بىر ئەنئەنىۋي ئادەتلىرىدىن بىرى ئىدى.

تەسەۋۋۇپچىلىق شىنجاڭغا ئىسلام دىنى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا كىرگەن بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. تەسەۋۋۇپچىنىڭ تەسىرى ئىسلام ئەقىدىلىرىگە خېلى زور دەرىجىدە سىڭىپ كەتكەن .لېكىن ئۇXVIئەسىردە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ئۆزگىچە يۆلىنىش ۋە نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى پەيدا قىلدى. بۇخارادىن «ئەۋلىيا«،» سەئىد»ئاتاق نامى بىلەن**1534 ـ 1533**) يىللار ئارلىقىدا (شىنجاڭغا كىرگەن مەخدۇم ئەزەم(تولۇق ئىسمى——خوجا ئەھمەد كاسانى) ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرى «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى» دەپ ئاتاپ ئاممنى ئۆزىگە چوقۇندۇرغان ۋە «خوجىلار دەرگاھىغا كېلىپ مۇرت بولغۇچىلارنىڭ گۇناھى ھەر قانچە ئېغىر بولسىمۇ خۇدا مەغپىرەت قىلىدۇ.②» دېگەننى تارقىتىپ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا سوپى ـ ئىشتان سۇلۇكلىرىنىڭ پەيدا قىلىپ سۇفىزىمنى مسىلسىز ئۇلغايتقان .مەخدۇم ئەزەمنىڭ 7 ـ ئوغلى ئىسھاقىيە سۇلىكىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى خوجا ئىسھاق ۋەلى «سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدە**40** مىڭ مۇرت قوبۇل قىلغان» جايلارغا **64**خەلپەت تەيىنلىگەن③. مەخدۇم ئەزەمنىڭ چەۋرىسى ئاپاق خوجا ئازكەم يۇزمىڭ كىشىنى ئۆز مەزھىپىنىڭ ئېتىقادىغا بەيئەت قىلدۇرغان④. شۇنىڭ بىلەن ئاپاق خوجا جۇڭغارلارنىڭ ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ ھەم ئۆز مۇرتلىرىنىڭ ماسلىششى بىلەن سەئىدىيە خانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تەڭرى تېغىنىڭجەنۇبىدا جۇڭغارلارغا بېقىندى ھاكىمىيەتنى تىكلىگەندىن ئۇلارنىڭ مۇرتلىرى تېخىمۇ كۆپەيگەن .ئۇلارنىڭ مازارلارغا تاۋاپ قىلىشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن مازارلارغا تاۋاپ قىلىش، مازارلاردىن مەدەت تىلەش تازا ئەۋج ئالغان .شۇنىڭ بىلەن مازارلار تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ مۇھىم پائالىيەت سورۇنى بولۇپ قالغان. شۇ مەزگىللەردە ئاپاق خوجا پىچان لۈكچۈنگە كېلىپ تۇيۇق «ئەسھابۇلكەھف» مازىرىنى ئىنقلاپ ⑤بۇ جايدا ئەسھابۇلكەھف سۇلىكىنى تەسىس قىلىپ خوجىلار تەسەپپىدىن بولغان سوپى خوجىنى بۇ سۇلۇككە باش قىلىپ تەيىنلىدى. شۇندىن باشلاپ پىچاندىكى لۈكچۈن، تۇيۇق، دىغار، لەمجىن ۋە باشقا جايلاردىكى «ئۇلۇغلارنىڭ قەدىمى يەتكەن جاي»لارنىڭ ھەممىسىگە گۈمبەز ئورنىتىلىپ مازارلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى⑥. «ئەسھابۇلكەھف»سۇلىكىنىڭ باشلىقى سوپى خوجا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى نىيازخوجا تۇرپان، پىچاندىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا «جەۋھىرى سۇلۇك» ۋە تەسەۋۋۇپ يولىنى چىڭ تۇتۇپ، سوپىلىق تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ ئۆزلىرىگە نۇرغۇن مۇرت توپلىدى .شۇنىڭ بىلەن تۇرپان، پىچانلاردىمۇ سوپا ـ ئىشانلار سىرتمىقى ئاستىدا نۇرغۇن ئىتائەتمەن مۇرتلار پەيدا بولدى. كېيىن سوپى خوجىنىڭ نەۋرىسى، نىيازخوجىنىڭ ئوغلى ئىمىن ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، سوپىلىق تەرغىباتىنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىپ، كۈچ توپلاپ تۇرپاننىڭ قارانچۇق سۇلتانى ئەھمەد باقى بەگنىڭ لۈكچۈن ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ھوقوق تارتىۋالدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۋەتتى .شۇنىڭ بىلەن تۇرپان، پىچاندا تەسەۋۋۇپچىلىق تېخىمۇ كەڭ تارقالدى .مۇشۇ دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇممۇ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەلق ئىچىدىكى رىۋايەت ۋە ئىمىن خوجىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، «يەتتە قىزلار مازىرى»نى ئىشكارلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن «يەتتە قىزلار مازىرى»غا تاۋاپ قىلىش رەسمىي شەكىللەندى. مانا بۇ» يەتتە قىزلار مازىرى«نى تاۋاپ قىلىشنىڭ تارىخي مەنبەسى ۋە سەۋەبىدۇر.

4. «يەتتە قىزلار مازىرى»بىلەن مۇناسىۋەتلىك يادىكارلىقلار ۋە جايلار:

يەتتە قىزلار مازىرىنىڭ كۆلىمى 150مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ .يەتتە قىزغا ئاتاپ سېلىنغان يەتتە گۈمبەزنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئايلانمىسى2.05×4مېتىر، ئېگىزلىكى 2.09مېتىر، خانقانىڭ كۆلىمى10×5.401كۋادرات مېتىر، تىلاۋەتخانا 9.3×10 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بۇلار مۇكەممەل ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

مازارنىڭ سۈپىسى، سائىللار ئۈچۈن سېلىنغان بىر قانچە گۈمبەزلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي» دا چىقۋېتىلىپ تۈپىسى ئېتىزلارغا تۆكۈلگەن يالغۇز گۈمبەز: غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇم دەسلەپ ياساتقان گۈمبەز كىشىلەر تەرىپىدىن يالغۇز گۈمبەز دەپ ئاتالغان. گۈمبەزنىڭ خارابىسىدىن قارىغاندا ئىككى ئېغىزلىق بولۇپ، كۆلىمى20.68×كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. گۈمبەز ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ تاملىرى ۋە تامدىكى ئەگمە ئۆيۈقلار ساقلىنىپ قالغان. مازارنىڭ غەربى تەرىپىدە شامالنىڭ ئۇپىرىتىشىدىن شەكىللەنگەن چۇقچىيىپ تۇرغان چوققىلار بولۇپ، كىشىلەر بۇلارنى «يەتتە قىزلارنىڭ تاشقا ئايلانغان تۆگىسى ۋە يۈكلىرى»دەپ ئاتايدۇ.

غەربىي تاغدىكى يەتتە يىگىتلەر ئەتراپىدا تاش غارلار، مۆۋە شەكىلدىكى) ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل......) تاشلار، بوغداي، گۈرۈچ شەكىلدىكى تاشلار، ھورنان پەرەنكلەرگە ئوخشاش تاشلار ئۇچرايدۇ .كىشىلەر بۇلارنى «يەتتە قىزلار ئاللاھتىن تىلەپ تاشقا ئايلانغان ۋاقىتتا تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن مۆۋە ۋە باشقا نەرسىلەر»دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ياغاق بۇلاق: «يەتتە قىزلار مازىرى»نىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى يار ئىچىدە «ياغاق بولاق « دەيدىغان بىر بۇلاق بولۇپ، بۇ بۇلاقنى كىشىلەر «يەتتە قىزلار تەھارەت ئالىدىغان جاي» دەيدۇ، كۆز ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغانلار بۇ بۇلاققا كېلىپ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ قايتىدۇ.

مازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قۇدۇقلۇق كارىز بولۇپ، بۇ كارىز تۇرپان كارىزلىرى تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان كارىز ئىدى. بۇ كارىزنىڭ سۈيى 1950 ـ يىلى ئەتراپىدا ئۈزۈلۈپ قالغان. كارىز سۈيىنى قايتا باشلاپ چىققانلىق توغرىسىدا كىشىلەر ئارىسىدا رىۋايەت بار. بۇ قۇرۇق كارىزنىڭ ئېغىزى ئىككى يىل بۇرۇن يەرلىك (گۆر) چاپقۇچىلار تەرىپىدىن ئېتىۋېتىلدى. مازارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئىلگىرى مازار شەيخلىرى تېرىقچىلىق قىلغان، كېيىن بۇلاق سۈيىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى بىلەن تاشلىۋەتكەن يەرنى ئىككى يىل بۇرۇن قۇتۇبى ناھىيىسىدىن كەلگەن بىر ئايال «مۇللا» «بۇ جايغا يەتتە قىزلارنىڭ قەدىمى تەككەن، بۇلاق سۈيى تاغدىكى يەتتە قىزلارنىڭ تاپىنىئاستىدىن سىرغىپ چۈشىدۇ، بۇنى ماڭا پىرلىرىم بىشارەت قىلدى«......دەپ بۇ يەرنى «چىگگىل غوجام» دەپ ئاتىدى. كېيىن قەشقەردىن» يەتتە قىزلار مازىرى«نى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن «مۇللىلار»مۇ بۇ يەر ھەققەتەن «چىگگىل غوجام» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن يەتتە قىزلارنىڭ «قەدەمى يەتكەن جاي«دىن يەنە بىرى ئاشكارلىنىپ، كىشىلەر تاۋاپ قىلىدىغان جاي بولۇپ قالدى.

5. تاۋاپ پائالىيەتلىرى:

تاتار تارىخچىسى قۇربان غەلىي غالىدى 1887 ـ يىلى پىچان لۈكچۈنگە كەلگەندە، يەتتە قىزلار مازىرىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، بۇ مازارنى ۋە يەتتە قىزلارنىڭ تاشقا ئايلانغان ئاجايىپ شەكىللىرىنى تاۋاپ قىلىشنى پىلان قىلغانلىقىنى ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسى «كىتتابۇ تارىخ جەرىيدەئى جەدىيدە» دە ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ.

يەتتە قىزلار مازىرى شەكىللەنگەندىن باشلاپ كىشىلەر ئىزچىل تۈردە بۇ جايدا تاۋاپ پائالىيىتى قىلىپ كەلدى. بۇ پائالىيەتلەردىن مۇھىملىرى:

1) ھەر يىلى ئىككى قېتىملىق ھېيتتا يۇرت خەلقى بۇ مازارغا يىغىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ.

2) مازاردىكى خانقا ۋە تىلاۋەتخانىلاردا ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇپ يەتتە قىزلاردىن مەدەت تىلەيدۇ.

3) مۇۋاپىق پەيتلەرنى تاللاپ بولۇپمۇ ھەر يىلى مۇھەررەم ئېيىدا (ھجرىيە 1 ـ ئاي) بۇ جايدا قۇربانلىق قىلىنىپ، داش قاينىتىپ ھەممە كىشىگە ئاش – تاماق بېرىلىدۇ .بەزىلەر ئەھۋالغا قارىتا سەرىقە تارقىتىدۇ، بۇ ئىشتا ئىلىم ـ ئەھلىلىرى بىلەن يېتىم يېسىرلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدۇ. بۇ يەرگە كەلگەنلەر مازارغا كىلەلمىگەنلەرگە ئاتاپ نەزىر نانلىرى ۋە ئاشلىرىنى ئېلىۋالىدۇ.

4) ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە، شەنبە كۈنلىرى نۇرغۇن كىشىلەر بۇ مازارغا كىلىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ قايتىدۇ.

5) بىر قىسىم كىشىلەر بۇ يەردە قۇربانلىق قىلىپ «نىيازمەنلىك نەزىرىسى» «كىچىك باللارغا چۈققىسغا كۈكۈلا چاش قويۇش نەزىرىسى» ئۆتكۈزۈپ بالا ـ ۋاقىلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ ئىسمىنى نىيازغا ئۆزگەرتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا بۇ جايدا نۇرغۇن قۇشقار، سەركە مۈڭگۈزلىرى ۋە كالتە ئۆرۈلگەن چاچلار ساقلىنىۋاتىدۇ.

6) ئۆزۈنغىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن ئاياللار بۇ مازارغا كىلىپ تاۋاپ قىلىپ، سەدىقە– ساخاۋەت قىلىدۇ، ھەمدە بەل تاڭدۇرۇش، تۈنەپ تەلەپ قىلىش، چىراق يېقىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ يەردىكى بەل تاڭدۇرۇش مۇنداق بولىدۇ :شەيخلەر پاختا رەختتىن يىپ ئىشىپ، يەتتە تۈگۈن تۈگىدۇ، ئاندىن تۇغمىغان ئاياللارنىڭ بىلىگە» ياخشى پەرزەنتلىك بولغايسىز، يەتتە قىز، يەتتە يىگىتلەردەك پەرزەنتلىك بولغايسىز»دەپ تىلەك تىلەپ باغلايدۇ. ئاندىن يەنە بىر پەيشەنبىدە ئايالنىڭ بىلىدىكى تېڭىقنى يېشىپ ئېلىپ مازاردىكى چىراقلارغا پىلىك قىلىپ، مازارغا چىراق ياقىدۇ، گۈمبەز ئىچىدىكى تۇقماقلا يۈپۈق ياپىدۇ، بۇ جايدا ھازىرغىچە نۇرغۇن يۈپۈقلار ساقلانماقتا.

7) يۇقارقىلاردىن باشقا يەنە ماغدۇرى يەتكەنلەر تاغ بېشىغا چىقىپ تاشقا ئايلانغان يەتتە قىزلارنى تاۋاپ قىلىدۇ، چىراق ياقىدۇ، چوكان(شەددە)باغلايدۇ ۋە باشقىلار.

يەتتە قىزلار توغرىسىدا كىشىلەر ئارىسىدا يەنە بىر قانچە رىۋايەتلەر بولۇپ، كىشىلەر ھازىرمۇ» يەتتە قىزلار ھايات»دەپ ئىشىنىدۇ ۋە سەھەردە يۈزىنى يۇيماي «يەتتە قىزلار مازىرى» تەرەپكە قارىمايدۇ. «تاشقا ئايلانغان يەتتە قىزلار» نى قول سانجىپ ئىشارەت قىلمايدۇ. تۇگەللىمە، يەتتە قىزلار مازىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىگىز تاغلارنى مۇقەددەس بىلىشىدىن شەكىللەنگەن تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ئاساسىدا پەيدا بولغان» يەتتە قىز ۋە يەتتە يىگىتنىڭ تاشقا ئايلىنىشى «توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىن» ئىسلام يىپىنچىسى» بىلەن تارقىلىشىنى ئاساس قىلىپ، خوجىلار دەۋرىدە مازارلارغا تاۋاپ قىلىشىنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىشى، ئىمىن خوجىنىڭ تۇرپاندا ھاكىمىيەت ئىگەللىشى، تۇرپاندا تەسەۋۋۇپنىڭ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشى ئارقىسىدا غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن شەكىللەنگەن مازار.

ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئىلىم ـ پەنگە بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر» يەتتە قىزلار مازىرى» توغرىسىدا ئېنىق، توغرا يەكۈننى قوبۇل قىلالايدۇ.

ئىزاھلار:

(1) ئابدۇكېرىم راخمان :ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» شىنجاڭ ئۇنۇۋرستىتى نەشرىياتى 1989 ـ يىل ئويغۇرچە نەشرى، 4 ـ 55بەت.

(2) ھاجى نۇرھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقى قىسقىچە تارىخى»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، ـ 201 بەت.

(4) (3) ھاجى نۇرھاجى، چىن گۇگۇڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 562، ـ 290بەتلەر.

(5) نىياز كېرىمى: «تۇيۇقتىكى ئەسھابۇلكەھف غارى» تۇغرىسىدا مۇھاكىمە شىنجاڭ پىداگوگىكا ئونىۋرستىتى ئىلمىي ژۇرنىلى ئىجتىمائى پەن قىسمى 2002 ـ يىللىق3 ـ سان، 79 ـ بەت.

(6) ئابدۇرشىت ئەھمەد: «لۈكچۈن تارىخى «پىچان تارىخى ماتىريالللىرى 16 ـ قىسىم، پىچان ناھىيىلىك سىياسى كېڭەش تارىخى ماتىرياللىرى كومىتېتى نەشىر قىلدۇرغان 2000 ـ يىل نەشرى 158 ـ بەت.

(7) قۇربان غەلىي غالىدى: «كىتتابۇ تارىخ جەرىيدەئى جەدىيدە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 130 ـ بەت.

پايدىلانىملار:

(1) ھاجى نۇرھاجى، چىن گۇگۇڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، ـ 1995 يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى

(2) پىچان تارىخ ماتىرياللىرى 4 ـ، ـ 16 قىسىملىرى.

(3) ئابلىم قېيۇم: «تۇرپان ئاسارە ئەتىقىلىرى «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ـ 1997 يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

(4) يەتتە قىزلار مازىرى «شەيخلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ھازىرقى شەيخ ستنىياز ھىزمەت74) ياش)، ھەمدۇل ھىزمەت، ئىلنىياز نەمەت، شازادىخان ستنىياز قاتارلىقلار تەمىنلىگەن ئاغزاكى ماتىريال ۋە كىشلەر ئارىسىدىكى رىۋايەتلەر.

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ژۇرنىلى»نىڭ 2006 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن ئېلىنغان.

## خانىم ـ قىزلارنىڭ بېشىغا رومال ئارتىشى قەلبىنىڭ گۈزەللىكىنى ئىپادىلەيدۇ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

غەرب ئەللىرىدە كىشلەر مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ بېشىغا رومال ئارتقىنىنى كۆرۈپ، خىلمۇ ـ خىل گەپلەرنى قىلىشىدۇ ۋە بۇ ئېكستىرىمزم، فېئوداللىق، خۇراپاتلىق، دىنىي ئەسەبىيلىك، تىرىك ئازاب چەككەنلىك، ياكى قەلبى دىنىنىڭ زۇلۇمغا ئۇچۇراۋېتىپتۇ دىگەندەك بىر نىملەرنى ئاساسسىز پەرەز قىلىشىدۇ .

كىشلەرنىڭ نىمە دېيىشىدىن قەتئى نەزەر، ھەر كۈنى ئىشقا چىققاندا ياكى بازارغا چىققاندا، رومال ئارتسام ئۆزەمنى شۇنداق روھلۇق ۋە راھەت ھىس قىلىمەن. مەيلى كىشلەر قانداق پەرەز قىلىشىدىن قەتئى نەزەر، ئۆزەمنىڭ ھاياتقا قارىتا ئۆزگىچە كۆز قارىشىم بار.

رومال ئارتىش مېنىڭچە قەلب گۈزەللىكىنىڭ تاشقى ئىپادىسى. مەن بىر قىز، كەلگۈسىدە توي قىلىپ ئائىلە قۇرىمەن، مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ توي ئىشىمغا چات كىرىۋېلىشىنى خالىمايمەن، نىكاھ مەسىلەمنى ئۆزەم ھەل قىلىمەن. مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك يىگىتنىڭ مىنى ياقتۇرۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ياغلىقىم قەلبىمنىڭ ئىپادىسى. مەن ئىنتايىن پاك، ئاق كۆڭۈل، ئىناق ۋە بەختلىك ئائىلەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداقلا ئارزۇ ئارمانلىرىمنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى رەببىمدىن سورايمەن. ھامان بىر كۈنى ئاللاھ مەن ئۈچۈن تاللىغان يىگىت ماڭا قاراپ كېلىدۇ. مەن مەڭگۈ رومال ئارتىمەن، پەقەت شۇ كىشىمگىلا ئاچىمەن، پەقەت ئۇنىڭغىلا بارلىق گۈزەللىكىمنى نامايان قىلىمەن. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىدىلا روملىمنى ئېلىۋەتسەم، ئۇ چوقۇم مېنىڭ ئۆزىنىڭ ئەڭ سەممىي ئادىمى ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلالايدۇ، ئاندىن ئۇ، بۇ ئائىلىنى، بۇ مېھىر ـ مۇھەببەتنى قەدىرلەيدۇ. مېنىڭ تەسسەۋۇرۇمدىكى بەختلىك ئائىلە دەل شۇنداق ئىللىق ۋە ئۆز ـ ئارا مېھرىبانلىققا تولغان. رومال ئارتىش قىين ئىشمۇ ئەمەس، ئاللاھ ئۆزى رازى بولىدىغان ھەر قانداق تۇرمۇش ئۇسۇلىنى مۆمىنلەرگە قولاي قىلىپ بەردى. رومال ئارتىش بولسا ئاللاھنىڭ ئاياللارغا قىلغان ئىلتىپاتى، ھۆر ۋە پاك، دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق بىر خانىم ئىكەنلىكىنىڭ ئۇلۇغۋار شوئارى.

بىز ئەرلەرگە ئوخشىمايمىز، رومال بولسا، ئەرلەرنىڭ بىز ئاياللارنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىمىزگە ھۆرمەت قىلىشىنى ئۈمىت قىلىشىمىزدىكى ئەڭ روشەن نامايەندە. ئەرلەر ئىدارە قىلىۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە، رومال بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزنى نامايان قىلىدۇ. بىز بەتنىيەت ۋە بىئەدەپ قىلمىشلارنىڭ روھانى ھاياتىمىزغا دەخىل تەرۇز قىلىشىنى خالىمايمىز. بىز پەقەت ئاياللارنىڭ ئىززەت ـ ئابرويىنى ۋە قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلاشنى ئۈمىد قىلىمىز. پاراكەندىچىلىكتە قېلىشنى، خورلۇققا ئۇچرىشنى ھەرگىزمۇ خالىمايمىز. رومال ئارتىش بىزنىڭ ھەر قانداق نورمال ئىجتىمائىي پائالىيەتكە قاتنىششىمىزغا ۋە ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشىمىزغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، بىز باشقىلارغا ئوخشاش نورمال بىلىم ئالالايمىز، خىزمەت قىلالايمىز، يەنە كېلىپ ئىخلاسمەن قەلبىمىز تېخىمۇ تېرىشىپ ئۆگىنىشىمىزگە، تېخىمۇ ئەستايىدىل خىزمەت قىلىشىمىزغا، ھەممە ئادەمگە سەممىي بولۇشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ، چۈنكى رومال ئارتىش ئاللاھدىن ئەيمەنگەنلىكنىڭ ئەڭ ئاددى بەلگىسى.

»قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەج سۈرىسىنىڭ ـ 78 ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:« سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى) سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى). » «قۇرئان كەرىم»نىڭ نىسا سۈرىسىنىڭ 28 ـ ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:« ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى (خالايدۇ. ئىنسان (نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى. » «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەھزاب سۈرىسىنىڭ 78 ـ ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:« ئى پەيغەمبەر !ئاياللىرىڭغا قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنچە بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ ـ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. ئاللاھ (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر «.

رومال ئارتىش ئاللاھنىڭ مۆمىن ئاياللارنى ھىدايەت قىلغانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر، ئاياللارنىڭ ئۆز قەدىر قىممىتىنى ساقلاپ قالالايدىغان ئورۇنلۇق ھەرىكىتىدۇر، ئاللاھ ۋەھيي قىلىپ: رومال ئارتقانلىق ئەرلەرنىڭ زۇلۇمىنى قوبۇل قىلغانلىق ئەمەس، ئاياللارنىڭ ئىززەت ئابرويىنى تۆۋەنلەتكەنلىكمۇ ئەمەس، فېئوداللىق ياكى خۇراپاتلىق تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاياللارنى دەخىل ـ تەرۇزگە ئۇچراپ قىلىشىدىن ساقلاپ قېلىشتۇر، ـ دەپ ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ نەقەدەر مېھرىبان، شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

رومال ئارتىش بولسا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئايال ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ۋە بارلىقىغا شەك كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى، ئىسلامنىڭ قانۇن شەرىئەتلىرىگە ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىدىغانلىقىنى ئىپلان قىلىشتۇر. بۇ پەقەت بېشىغا ئارتىۋالغان ئاددىي نىپىز رەخت بولۇپلا قالماي، ئۇ بىر ئېتىقاد، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، قەلبىتىكى مەقسەت ـ مۇددىئاغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. رومال ئارتىپ سىرتقا چىققاندا مەيلى ئۆگىنىش، خىزمەت، سەيلە ـ تاماشا قىلغاندا ۋە ياكى بازار ئارىلىغاندا بولسۇن، رومال ھەر ۋاقىت سىزنى سۆز ۋە ھەرىكەتتە ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىشقا، باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشقا، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، سۆز ـ ھەرىكەتتە قائىدە ـ يوسۇنلۇق، سېخى بولۇشقا، مۇسۇلمان خانىم ـ قىزلارنىڭ ئوبرازىغا ۋە ئىدىيە ـ ھەرىكىتىگە ۋەكىللىك قىلىشقا دەپ ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. بېشىغا ئارتىۋېلىنغان بۇ بىر پارچە نىپىز رەختنىڭ مەنىۋى كۈچى ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ، ئۆز نەزەر دائىرىسىنى، ئەدەبسىز گەپ ـ سۆزىنى ۋە ھەرىكىتىنى چەكلەپ، مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك مۇنەۋۋەر خانىم ـ قىزلاردىن قىلىش رولىغا ئىگە. چۈنكى بارلىق ھەرىكەت قەلبىتىكى ئوي پىكىردىن كېلىدۇ.رومال

ئارتىپ ئىشكتىن چىققاندا ياكى ئاممىۋى سورۇندا نامايەن بولغاندا سۆز ھەرىكەتتە ئېھتىيات قىلىپ، باشقىلارغا ئازار بەرمەيدۇ. مەسىلەن، سۆز ـ ھەرىكەتتە تېتىقسىز، شەخسىيەتچى ـ راھەتپەرەس، يالغانچىلىق قىلىپ باشقىلارغا زىيان سالىدىغان بولمايدۇ. ئازراقچە چەكتىن چىقىپ كېتىش قىلمىشى بولسا ئۆزىگە تىترەك ئولىشىدۇ، ئالدى بىلەن ئويلايدىغىنى «بۇ ئوبرازىم بۇنداق قىلىشقا ماس كەلمەيدۇ». بەلكىم بەزى ئىشلارنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتكىلى بولىدۇ، باشقىلارنىڭ كۆز ۋە قۇلىقىدىن ساقىت قىلغىلى بولىدۇ، بىراق بۇ دۇنيادا قېچىپ قۇتۇلغان بىلەن، ئۇ ئالەمدە قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ .بۇ ھېساب ـ كىتاب ئۇ ئالەمگە بارغاندا بېرىلىدۇ، ئىنسانىنىڭ ئىرادىسى ئىنتايىن ئاجىز، ئېزىقتۇرۇشلارغا تاقابىل تۇرۇپ بولالمايدۇ. يەنە كېلىپ نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئەخلاق پەزىلەتنى دېمەك ئاسان، بىراق قىلماق تەس. روھال ئارتقان ئايالالاردا ئارتۇق بولغىنى ئۆزىگە بولغان نازارەتچىلىكى، ئاڭلىقلىق روھى، بۇ ئىرادىنى مۇستەھكەملەپ، توغرا كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ. قەددىنى رۇسلاپ جەمئىيەتتىكى ئاياللارغا ئۈلگە بولۇشقا ئۈندەيدۇ. كىشلەر دائىم ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدا پەقەت قىلدەك پەرقلەر بار، ـ دېيىشىدۇ .بېشىغا رومال ئارتقاندا، كاللىسىدىكى شۇ بىر خىل قاراش ئاسانلا ياخشىلىققا ئۈندەپ، يامان نىيىتىنى بىخ ھالەتتە يوقۇتۇپ تاشلايدۇ.

مەيلى كىشلەر قانداق پەرەز قىلىشسۇن، ئۆزەمنىڭ ھېس ـ تۇيغۇم ناھايىتى ياخشى، مۇسۇلمان بولغانلىقىمدىن شەرەپ ھېس قىلىمەن. ئاللاھ بارلىق ياخشى سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى (قانداق قىلغاندا ياخشى ئادەم بولغىلى بولىدىغانلىقى، جۈملىدىن قانداق ياخشى ئايال بولغىلى بولىدىغانلىقىنى (ئېنىق ئېيتىپ بەردى. يەنە كېلىپ ئېيتىپ بەرگەن يول شۇنداق ئاددى بولۇپ ھەممە ئادەم قىلالايدۇ، بەجا كەلتۈرەلمىگىدەك نېمىسى بار؟! روھال ئارتقانلىق ئاللاھنىڭ پەرمانىغا بويسۇنغانلىق، ئۇ يەنى غەرب ئەللىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىمۇ ئۆزىنى تاۋلىغانلىق، پاك ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتلىك قەلبىمنى تاۋلاپ، ئاللاھ ھاياتىمغا يۈكلىگەن بۇرچىنى ئورۇندىغانلىقىم. بۇ جاھاندىكى كىشلەرنىڭ مېنىڭ قەلبىمنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ھەر قانداق كىشىگە قەستەن ئازار بېرىشنى خالىمايمەن، بۇ ھەرگىزمۇ زۇلۇمنى ئۆز رازىلىقىم بىلەن قوبۇل قىلغانلىق ئەمەس، ياكى نادانلارچە دىنني ئەسەبىيلىكمۇ ئەمەس. مەن يولدىن چىققان تىرورچىمۇ ئەمەس. مەن پەقەت بۇ ئالەمدە ياخشى ئايال بولۇپ، ئاللاھنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ئۇ ئالەمدە ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن. مېنىڭ روھال ئارتقاندىكى تۇيغۇم بىلەن، مەن بۇ ئۆمرۈمدە ئاتا ـ ئانامغا، يولدۇشۇمغا، جەمئىيەتكە، خەلققە يۈز كېلەلەيمەن، بولۇپمۇ ئۆز ۋۇجۇدۇمغا ۋە روھىمغا يۈز كېلەلەيمەن. بۇ مېنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىم. مەن ۋەزىيەتكە باقمايمەن، خالىغىنىمنى قىلىمەن، باشقىلار قانداق سۆز ـ چۆچەك قىلسۇن ياكى گۇمان قىلسۇن، مەن ئۆز يولۇمدا ماڭىمەن .

ماڭا ھەممىدىن مۇھىمى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قازىنىش، مىللى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ۋەتەنگە ئائىت خاسلىقنى ساقلاپ قىلىش ئەڭ مۇھىمدۇر. جانابى ئاللاھتىن پۈتۈن ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىغا ئىمان، ئىپپەت، ھايا، ۋىجدان، غۇرۇر ۋە كېلەچەكنى مۆلچەرلىيەلەيدىغان ئەقىل ئاتا قىلىشنى سورايمەن .

## ئەر ـ ئايال مۇھەببىتىنىڭ داۋاملىششى ئۈچۈن توققۇز تۈرلۈك ۋاستە

1. ئىككىڭلار تەڭ: ئاللاھ بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىرلەشتۈرسۇن، دەڭلار. مۇشۇنداق سۆزلەر ئەر ـ ئاياللىق ئالاقىسىنى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە ئۇ ئىككەيلەن ئارىسدا مۇھەببەت ئوتىنى جانلاندۇرىدۇ،شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت ئۆلمەيدۇ."ئەگەر كۆڭلەر كەيىنگە قايتىدىغان بولسا سىزدىن باشقا ئايال قوبۇل قىلمايتتىم"دېگەندەك سۆزلەر مۇھىم.

2. دوستلۇق ۋە مۇھەببەت قىلمىشلىرىنى كۆپ قىلىش: ئۇ ئاددى ۋە كىچىك ئىشلار، لېكىن ئۇنىڭ قىممىتى چوڭ ۋە باھاسى يۇقىرى. مەسىلەن، ئەر ـ ئايالنىڭ بىرىسى يوتقان ئېچىلىپ قالغان بولسا يولدىشىغا يېپىپ قويسۇن، ياكى ئولتۇرماقچى بولسا ياستۇقنى ئېلىپ بەرسۇن، ياكى بىر قوشۇق تاماق يىگۈزۈپ قويسۇن، ياكى ياخشى ئىش قىلغانلىقىنى كۆرگەندە دولىسىغا سىلىق ئۇرۇپ قويسۇن، ياكى چاي دەملەپ بەرسۇن... مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئايال تەرەپتىن ئىرىگە يۈزلەنسە ياكى ئىرىدىن ئايالىغا يۈزلەنسە، مۇھەببەت مەنىللىرىنى كۈچەيتىدۇ.

3. ئۈزارتىۋەتمەي ئىككەيلەن ئارىسدا سۆھبەتلىششكە ئايرىم ۋاقىت ئاجرىتىش: بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنى بىر نەرسە ئاۋارە

قىلمىسۇن، ھەر بىرسى يەنە بىرسىنىڭ كۆزىگە قارىسۇن، قولنى تۇتسۇن، ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى توغۇرلۇق پاراڭلاشسۇن، شۇنداق قىلغاندا ئەر ـ ئايال بولغاندىن سىرت دوست بولۇپ كېتىدۇ. بۇ يەردىن بىر سۆز، ئۇ يەردىن بىر ھىكايە، ئۇ يەردىن بىر سىلاپ قويۇش مۇھەببەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىدۇ ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر بېرىدۇ.

4. ھەر بىرسى يەنە بىرسىگە قارىتا رىغبىتىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلىسۇن: ياتاق ئۆيىگە بېرىشتا، ئۇ ئۆيدە خۇسۇسى پاراڭلارنى قىلىشتىكى رىغبىتىنى ئىپادىلىسۇن، بەدەننىڭ يېقىنلىشىشىنىڭ ئەر ـ ئايالغا روھى تەسىرى بار. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇ ئىككەيلەن ئارىسىدا مۇھەببەتنى ئاشۇرۇشقا چوڭ تەسىرى بار. نەپسى ئىككىلىنىش ۋە روھى جىددىلىش ھالەتلىرى ھالال جىنسى ئالاقە بىلەن ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

5. ھاجەت بولغاندا ھېسياتنى تەمىن قىلىش: مەسىلەن، ئايال كىشى ھامىلدار بولسا يولدىشى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرىشى، ئۇنىڭ دەرتلىرى ۋە تۇيغۇللىرى بىلەن بىرگە ياششى لازىم، ياكى ئەر كىسەل بولسا ئايالى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرىشى، ئۇنىڭغا ھىسداشلىقى قىلىشى لازىم. دۇنيا مانا مۇشۇنداق كۆپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ھەر بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپ بىلەن بىرگە تۇرۇپ قوللىشىغا مۇھتاج.

6. بىر ۋاقىتتىن يەنە بىر ۋاقىتقىچە ماددى مۇكاپاتلاش :مەسىلەن ئەر ئايالغا مۇناسىۋەت ياكى مۇناسىۋەتسىز ھەدىيە تەقدىم قىلىدۇ، داۋاملىق مۇپاجىئەنىڭ كۈتۈلمىگەن ياخشى تەسىرى بولىدۇ، شۇنداقلا ئايالمۇ ئېرىغا ھەدىيە قىلىپ تۇرسۇن. چۈنكى ھەدىيە ئادەمنىڭ خاتىرىسىگە گۈزەل مەزمۇن ۋە ئەسلىمىلەرنى قالدۇرىدۇ. بولۇپمۇ سائەت، ئۈزۈك ياكى قەلەمگە ئوخشاش داۋاملىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەر بولسا، چۈنكى ئۇ ئىككەيلەن ئارىسىدىكى مۇھەببەتنى ئەسلەيدۇ ۋە توي كۈنلىرى خۇشال ئۆتىدۇ. ھەدىيە يەنە بىر تەرەپنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ،چۈنكى ئاياللار ھېسياتچان بولۇپ تۇيغۇسىنى غىدىقلايدىغان ھەدىيەگە مايىل بولىدۇ، ئەمما ئەرلەر ماددى ھەدىيەگە بەكرەك مايىل بولىدۇ.

7. ھەر بىر پەرز نامازدىن كېيىن ۋە ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلاردا دۇئانى كۆپ قىلىش: مەسىلەن كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتەن بىرى ياكى تاھارەتتىن كېيىن ياكى ئىككى ئەزان ئارلىقىدا ياكى ئەرەپات كۈنى ياكى سەپەر ئارلىقىدا ئاللاھنىڭ ئەر ـ ئايال ئارىسىدىكى مۇھەببەتنى داۋاملاشتۇرۇپ بېرىشىنى، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويماسلىقنى تەلەپ قىلىش. مۇھەببەتمۇئاسماندىن چۈشىدىغان رىزق بولۇپ بەندىلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۇ دۇئا، ھەرىكەت ۋە سەۋەب بىلەن تەلەپ قىلىنىدۇ.

8. ھەر بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە كەڭچىللىك روھى ۋە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش روھى بىلەن مۇئامىلە قىلسۇن، ئۇنىڭ سەلبى تەرەپلىرىدىن كۆز يۇمسۇن، ئۆز ئارىسىدا بىر بىرىنى ياخشى كۆرىدىغاندەك مۇئامىلە قىلسۇن، بۇ ئىشلار مۇھەببەت ئوتىنى كۈچەيتىدۇ.

9. پەرزەنتلىرىگە ئاتا ـ ئانىللىرىنى سۆيۈپ قويۇش، ياردەم بېرىش، قۇربان بىرىش ۋە قەدىرلەش بىلەن ھۆرمەتلەشنى ئۆگەتسۇن:ئەر باللىرى بىلەن ھۆرمەتلەپ ئورنىدىن قوپقاندا ئايپىسى خۇرسەنلىك ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇ پوزتسيەنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككەيلەننىڭ مۇھەببىتى يېڭىلىنىدۇ ...ئەمدى سىز بۇ توققۇز ۋاستىنى تەجرىبە قىلىپ بېقىڭ... ئائىلىڭىز مۇشۇ ۋاستىلار ئارقىلىق تېخىمۇ بەختلىك ۋە خاتىرجەملىككە چۈمسە ئەجەب ئەمەس

مەنبە قېرىندىشىمنىڭ بلوگىدىن

## ئاياللارنىڭ كىيىنىشىدىكى 6خىل خاتالىق

مۇۋاپىق كىيىنىش ئاياللارنى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرسىتىپلا قالماستىن يەنە سالامەتلىكىمۇ پايدىلىق. ئەگەر كىيىنىش توغرا بولسا بەدىنىگە زىيان يەتكۈزۈشى ھەتتا بەزى كىسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇڭا ئاياللار كىيىنىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

1. زىيادەكىچىك ھەم تار لىپتىك تاقاش

ئەگەر ئاياللار داۋاملىق زىيادە كىچىك ھەم تار لىپتىك تاقىسا ئاياللارنىڭ كۆكسى ھەم كۆكسى ئەتراپىدىكى قان ئايلىنىش تۇسالغۇغا ئۇچرايدۇ،كىسەللىك مىكروبلار ئاسانلا بىر ئورۇنغا توپلىنىپ قىلىنىپ،ئاياللارنىڭ ئەمچەك راكىغا گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنى يۇقۇرلىتىۋېتىدۇ.

2. ئۇزۇن مەزگىل ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىش

ئاياللار ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىپ كۆپ يول يۈرسە ئاسانلا ھەرخىل پۇت كىسەللىكىنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىدۇ،بولۇپمۇ تولۇق يېتىلمىگەن ئاياللار ئىگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيسە نورمال ئۆسۈشكە تەسىر يەتكۈزىدۇ،بەدەن شەكلى ئاسانلا ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن.

3. بەك كىچىك ھەم تار كالتا ئىشتان كىيىش

بىرقىسىم بەدەن شەكلى ئانچە چىرايلىق بولمىغان ئاياللار گۈزەللىكنى قوغلىشىپ بەك كىچىك ھەم تار كالتا ئىشتان كىيىشكە ئامراق،بۇ خىل كىيىنىش ئارقىلىق ئاياللار بىرخىل يېقىمسىزلىنىش ھىس قىلىپلا قالماستىن،كىيىمدىكى ھەرخىل شەكىلدىكى تالالار تېرە بىلەن سۈركىلىپ ھەم تېرىنى بىسىۋېلىپ نورمال قان ئايلىنىشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ،ھەمدە بەزى ئەزالارنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىدەك ھەم تەرلەۋاتقانلىقىدەك ھىسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

4. بەدىنىگە زىيادە يېپىشىپ تۇرىدىغان كىيىملەر

بىرقىسىم ئاياللار بەدىنىگە زىيادە يېپىشىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىشكە ئامراق كېلىدۇ،بۇ خىل كىيىملەرنى كىيگەندە بەدەننى ئاسانلا قىزىتىۋېتىدۇ،يۈرەك رىتىمى تېزلىشىپ كېتىش،باش قېيىش،نەپەس يېتىشمەسلىك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ،ھەتتا يۈرەك سانجىقى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

5. تار قىسقا يوپكا

ئاياللار بۇ خىل يوپكىنى ئۇزۇن مەزگىل كىيسە پاقالچاق ۋە پۇت قىسىملىرىغا ماي يىغىۋېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ،بولۇپمۇ ھاۋا سوغۇق كۈنلىرى كىيگەندە بۇ خىل كىيىمنىڭ سوغۇقتىن ساقلىنىشقا نىسبەتەن ھېچقانداق رولى بولمايدۇ،شۇڭا بۇنداق كىيىملەرنى قەتئىي كەيمەسلىك كېرەك.

6. نىلون پايپاق كىيىش

ئاياللار ئۇزۇن مەزگىل نىلون پايپاق كىيگەندە تېرە بىلەن ئۇچرىشىپ تېرە ياللۇغلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ،بولۇپمۇ رەڭ ۋە پۇراققا نىسبەتەن سەزگۈرلىكى يۇقىرى ئاياللار ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك،بۇنداق ئاياللار قوي يۇڭى ۋە نىلون كىيىملەرنى كىيمەسلىكى كېرەك.

ئايپاك تورى

## ئاياللارنىڭ تەلىۋىنى مۇنداق قاندۇرۇڭ

1. ئاياللار ئىنتايىن سەزگۈر ھەم گۇمانخور كېلىدۇ.ئەرلەردىن تەلەپ قىلىدىغىنىمۇ كۆپرەك بولىدۇ.بىراق سىز سەل ئەقىللىق بولسىڭىز ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى كونتۇرۇل قىلالايسىز،يەنى ئىشكىتىن چىققۇچە ئۇنىڭ مەڭزىگە يېنىك سۆيۈپ خوشلاشسىڭىز ،ئۆيگە كىرگەندىن كىيىن يېنىك قۇچاغلاپ قويسىڭىز،بۇ ئۇنى قەۋەتلا تەسىرلەندۈرىدۇ؛

3. ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق ئايالىڭىزغا ھومايماڭ.بىر ئەر ئۈچۈن بۇ بەكمۇ سەت ئىش.چۈنكى سىز ئالدىراش خىزمەت قىلىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا ئايالىڭىزمۇ ئوخشاشلا خىزمەت قىلىدۇ،ئىشتىن چۈشكەندىن كىيىن سىز ھاردىم دەپ سافادا ئولتۇرغىنىڭىزدا ،ئۇ يەنىلا ئالدىراش ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدۇ؛

3. ئەرلەر ئۈچۈن خىزمەت بىلەن كەسىپ مۇھىم،ئاياللار ئۈچۈن ئائىلە بىلەن ئەر مۇھىم.شۇڭا ئايالىڭىزنى دوسلىرى ئالدىدا چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئىپادىلەپ تۇرۇڭ؛

4. ئەرلەر چىرايلىق قىزلارغا قاراشنى ياخشى كۆرگەنگە ئوخشاش ئاياللارمۇ قاملاشقان ئەرلەرگە قاراپ قويىدۇ،شۇڭا ئۇنى سەۋەپسىز كۈنلىمەڭ.ئىسىڭىزدە بولسۇنكى،سىزلا ئۇنى خوشال قىلسىڭىز ،ئۇنى قەدىرلىسىڭىز،ئۇ ھەرگىز باشقا ئەرلەرگە كۆز قىرىنىمۇ سالمايدۇ؛

5. ئايالىڭىز كۆيىنىشىڭىزگە مۇھتاج ،ئۇ سىزنىڭ ئاچچىغىڭىزنى چىقىرىدىغان ئەرمىكىڭىز ئەمەس،شۇڭا ئۇنىڭغا ھەرگىز قول تەككۈزمەڭ.ئەگەر ئۇنى ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالسىڭىز چىرايلىقچە ئۇنىڭدىن ئايرىلسىڭىز بولىدۇ،بىراق تىرىك تۇرۇپ ئۇنى ئازاپلىماڭ؛

6. ئاياللار ئەرلەرنىڭ>>ئەرلىك ئۈستۈنلىكى<<نى ياخشى كۆرىدۇ،بىراق چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ؛

7.ئائىلە مەڭگۈ بىرىنجى ئورۇندا تۇرىدۇ،شۇڭا خىزمىتىڭىز ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ ئائىلىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئايالىڭىزغا يۈكلەپ قويماڭ،زادى يېتىشىپ بولالمىسىڭىز،چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىڭ؛

ئىككى ئادەم بىرگە ياشىغاندا مۇھىمى سەممىيلىك،ئەپۇ قىلىش،چۈشىنىش.شۇڭا ئۇنى

چۈشىنىك،ھۆرمەتلەك.چۈنكى ئۇ سىز ياخشى كۆرگەن،سىز سۆيگەن،سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى ۋايىسماي ئىشلەپ كىلىۋاتقان ئايال .
مەنبە : قانۇنچىلىق گىزىتى

## ئۇنى سۆيىدىغانلىقىڭىزنى ئىپادىلەشنى بىلىۋېلىڭ

سىز جورىڭىزغا «سىزنى سۆيىمەن»دىيىشنى بىئەپ كۆرسىڭىز ياكى خىجىل بولۇپ دىيەلمىسىڭىز تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل ئۇسۇل قەلبىڭىزنى چۈشەندۈرۈشتە سىزنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ.قېنى سىناپ كۆرۈڭ:

1. ئەتىگەندە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈگۈرۈپ،چېنىقىڭ.

2. بارمىقىڭىز بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسگە يۈرەك سۆزلىرىڭىزنى يېزىڭ.

3. ئۇ قىلىشنى ئۈچ كۆرىدىغان ئىشلارنى رەتلەپ قەغەزگە يېزىپ چىقىڭدە،ئىمكان بار بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا قىلدۇرۇشتىن ساقلىنىڭ.

4. ئىككىڭلار ئورتاق ياخشى كۆرىدىغان رومانتىك ناخشا ـ مۇزىكىلارنى بىرCD پىلاستىنكىسىغا يىغىپ كۆچۈرۈپ ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىڭ.

5. بۇرۇن ئىككىڭلار تونجى قېتىم ئۇچراشقان ۋاقىتنىڭ گېپىنى قىلىپ،شۇ ۋاقىتتا يىگەن يىمەكلىكنىڭ لەززىتىنى يەنە بىر قېتىم تېتىڭ.

6. بەزىدە ئۇنىڭغا ئېيتمايلا ئىشتىن چۈشكەندە ئۇنى ئالغىلى بېرىڭ.

7. ئۇ ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان،لېكىن سىز ئۆزىڭىز ئۆچ يىمەكلىكلەرنى ئېتىپ بېرىڭ.

8. ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا يوتقان يېپىپتىمۇ،ئۇ كېچىدە ئېچىلىپ قالامدۇ ـ يوق قاراپ بېقىڭ.

9. ئۇ ياخشى كۆرمەيدىغان ئۆروق ـ تۇققانلىرىڭىزنى كۆرگىلى بارغاندا ،ئۇنى چوقۇم بىللە بارسەن دەپ تۇرۇۋالماڭ.

10. ئۇنىڭ ئاپىسى نىكاھ،توي ئىشلىرىغا قارىتا بەزى تەكلىپلەرنى بەرگەن ۋاقىتتا،گەرچە گەپلىرى قۇلاققا خوشياقمايدىغان ھەتتا سىزمۇ قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىدە ئاچچىق بولسىمۇ،دوستانە،تەمكىن پوزىتسىيەدە بولۇڭ.

11. ئائىلىۋى يىغىلىش ۋە زىياپەتلەرگە قاتناشقاندا ئۇ سىزگە سوۋغا قىلغان ھالقىنى (زىبۇ ـ زىننەتنى) تاقاپ بېرىڭ ۋە ئۇنىڭ ئېسىللىقىنى ،ساپلىق دەرىجىسىنى بىرنەچچە ئېغىز ماختاڭ.

مەنبە:شىنجاڭ ئاياللىرى.

## خاپىلىق تارتقىنىڭىزدا كەيپىياتىڭىزنى تەڭشەشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

قاتتىق رەنجىش ياكى خاپىلىق روھى ساغلاملىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، شۇڭا، سىز تۇرمۇشتا قاتتىق رەنجىشتىن ساقلىنىشىڭىز كېرەك. ئەگەر خىزمەت ياكى ئائىلە ئىشلىرىدا بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە

ئۈچرىسىڭىز تۆۋەندىكىدەك چارىلەرنى قوللىنىپ كۆرسىڭىز بولىدۇ:
1. ئۆزىڭىزگە هاي بىرىڭ . خاپىلىقنىڭ زىيىنىنى كۆپرەك ئويلاڭ ھەم «خاپا بولۇش ئۆزىنى ئۆزى جازالاش» دىگەن تەمسىلنى ئۇنتۇپ قالماڭ.
2. رەنجىش يۈز بەرگەندە ، ئۆزىڭىز ياخشى كۆردىغان شېئىر ياكى هېكايىلەرنى ئوقۇپ ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆردىغان مۇزىكىلارنى ئاڭلاڭ.
3. دوست - بۇرادەر ياكى ئۇرۇق تۇققانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشىڭ ياكى ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كوچا ئايلىنىڭ، مەنزىرلىك جايلارغا بېرىپ سەيلە قىلىڭ.
4. خاپا بولغان چېغىڭىزدا ، ھاراق ئىچىپ مەس بولۇش ، نەرسىلەرنى تاشلاش، قاچا-قۇچا ، ئەينەكلەرنى ئۇرۇپ چېقىشتىن ساقلىنىڭ.
5. خاپىلىق تارتقان چاغلىرىڭىزدا ھەرگىز ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتمەي ، رەتلىك ، پاكىز كىيىنىڭ . شۇنداقتا روھلۇق، غەمدىن خالىي كۆرۈنىسىز.
6. ئاچچىقىڭىز يانغاندا ، نىمە ئۈچۈن خاپا بولۇپ رەنجىگەنلىكىڭىز توغرىسىدا ئويلاپ كۆرۈڭ ۋە تەھلىل قىلىڭ.
يوقۇرقى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كۆرسىڭىز سىزگە ياردىمى تېگىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.
مەنبە: «ئاياللارغا مەسلىھەت» دىگەن كىتاپتىن ئېلىندى.

## قىزلارنى كەلتۈرۈشنىڭ ئۇسۇلىرى

1. نىملا يېيىشىڭىزدىن قـەتئىـنـەزەر ئۇنى تېتىپ بىقىشقا تەكلىپ قىلىڭ .

2. ئەگەر ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىسا ، ئۇنىڭ بىلەن بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ، سۇ ئۈزۈشكە بىللە بېرىڭ

3. قانچىلىك ئالدىراش بولسىڭىزمۇ ئىشىڭىزنى تۇگۇتۇپلا ئۇنىڭغا تېلفۇن قىلىڭ .

4. تاغقاياماشقاندا ئۇ ھېرىپ قالسا يۈدىۋېلىڭ، تەرلىرىڭىز شۇرقىراپ ئاقسىمۇ ھاردىم دىمەڭ.

5. قوياش نۇردا قاراداپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سىرتقا چىققاندا ئۇنىڭغا كۆنلۈكتۇتۇپ بېرىڭ .

6. كىنو كۆرگـەن ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ راھـەتلىنىپ كۆرۈشى ئۈچۈن مۈرىڭىزگـە بېشىنى قويۇپكۆرۈشكە رۇخسەت قىلىڭ

7. ئۇ باشقا دوسلىرى بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەندە ، ئۇنى ساقلاپ قايتىپ كەلگىچە ئۇخلىماڭ ، ئۆيگە قايتىپ تېلفۇن قىلغاندىن كىيىن تېلفۇننى ئاندىن ئىتىپ ئۇخلاڭ .

8. ئۇنىڭ بارلىق قىزىقىشنى بىلىۋېلىپ ، ئامال بار ئۇنىڭ خاھىشغا قاراپ ئىش كۆرۈڭ z5_#]& .

9. خىزمـەت بىلــەن سىرتقا چىققاندا ئۇنى ئەسلەپ تۇرۇڭ ، تېلفۇن قىلىڭ ، مۇمكىن بولسا سوۋغات ئالغاچ كىلىڭ .

10. قانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تېلفۇن قىلىشىڭىزدىن قەتئى نەزەر ، نىمە قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى ، نەدىلىكىڭىزنى ئەسكەرتىپ تۇرۇڭ 。

11. ئامالىنىڭ بارىچە كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىپ ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇڭ ، ۋاقىت بەك قىس بولسىمۇ ئۇنى يوقلاپ تۇرۇڭ .

12. ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىبلغۇن قىلىپ ، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلگۈچە پاراڭلىشىڭ .

13. ئۇنىڭ سىزگە بەرگەن سوۋغاتلىرىنى چوقۇم ياخشى ساقلاڭ .

14. ئۇنىڭغا ئۇنى دەپ باشقا قىزلاردىن كىچەلەيدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇڭ.

15. ئۇنىڭ رەڭگى - روهى ياخشى بولماي قالسا ئۇنىڭ بىلەن پەردازخانىغا بىللە بېرىپ، ئۇنىڭ ئىشى تۈگىگىچە ئۇنى ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇڭ .

16. ئەگەر ئۇ ئاۋارچىلىققا يولۇقسا ئۇنىڭ ھەل قىلىش ئۇسۇلنى تېپىشىپ بېرىڭ ، تەسەللى بېرىڭ .

17. ئۇنى ئاپتۇبۇسقا سېلىپ قويغاندا ئۇنىڭ قارسى يۇتكىچە قاراپ تۇرۇڭ .

18. ئۇنىڭ تېلۋېزور كۆرسە كۆزى ئاغرىدىغانلىقنى بىلگەندىن كىيىن ئۇنىڭغا كۆز ئاسراش سۇيۇقلۇقى ئېلىپ بېرىڭ .

19. ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرگۈزمەڭ .

20. تورغا چىققاندا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان يۇمۇر - چاقچاقلارنى ، ھېكايە ، نەسرلەرنى يادلېۋېلىپ ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىڭ

21. ئۇنى باشقىلار قوغلاشقاندا ناھايتى بىئارام بولغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇڭ .

22. ئۇنىڭ دوسلىرىغا سەممى مۇئامىلە قىلىڭ ، ئۇلار قىينىچىققا يولۇققاندا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم قىلىڭ .

23. بىرگە چۈشكەن رەسىمىڭلارنى يىنىڭىزدىن ئايرىماڭ ، ئەتراپىڭىزدىكىلەرگە سىلەرنىڭ ئارلىشۋاتقاللىقىڭلارنى بىلدۈرۈپ قويۇڭ

24. ئۇنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈپ ئازابلىنىدىغانلىقىڭىزنى ، كۈلكۈسنى كۆرۈپ شاتلىنىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇڭ

25. ئۇنى دەپ ئۇخلىيالىغان ، ئازابلانغاندىن باشقا يەنە مۆرتىكەلسە كۆز يېشىمۇ قىلالايغان بولۇڭ.

26. ئۇنىڭغا بولغان سەممىيتىڭنى شۇنداقلا ئۇمۇرلۇك پىلانىڭىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سەممىيتىڭىزنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇڭ

## ئەرلەرنىڭ قارا تىزىملىكىدىكى ئايالار

سىز كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئايال بولۇشنى خالىمايدىغانسىز؟ بۇنداق بولسا مۇنۇ قارا تىزىملىككە چۈشۈپ قالماڭ.

1. ئېرىنى بازار غا سېلىپ جۇۋىسىدا تەرلەيدىغان ئايال.
2. جامائەت يۈزىچىلا ئېرىنى ئەيىپلەيدىغان ئايال.
3. ئېلىپىنىڭ سۇنۇقى چۈماق دېيەلمەي تۇرۇپمۇ ئۆزىدىن رازى ئايال.
4. پەقەت توك قازىنى ۋە كىرئالغۇنىڭلا ئورنىدا خىزمەت قىلىدىغان ئايال.
5. مۇھەببەتتە شەخسيەتچى بولۇپ ئەتىدىن كەچكىچە، ئېرىنىڭ پېيىگە چۈشىدىغان ئايال.
6. ئېرىنىڭ ئورنىغا سەل قاراپ، پەرزەنتىگە كۆپرەك يان باسىدىغان ئايال.
7. ئېرىنىڭ سەۋەنلىكىگە كەڭ قورساقلىق قىلىشنى بىلمەيدىغان ئايل.

8. ئېغىر ـ بېسىقلىق نازاكىتى كەمچىل،ھېسياتى ئاشكارە ئايال.
9. چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش قارىشى يوق ئايال.
10. قوشنىلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى بىلمەيدىغان ئايال.
11. ئېرىنىڭ مۇئاش ۋە مۇكاپات سوممىسنى ئەستە چىڭ تۇتۇشنى ھەممىدىن مۇھىم ئىش،دەپ بىلىدىغان ئايال.
12. باللىرىنى مىكيان ـ چۈجىلىرىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ،پىرىنسىپسىز ھالدا باللىرىغا يان باسىدىغان ئايال.
13. بىرلا ۋاقىتتا بىر قانچە ئەرگە سۆيگۈ مەكتۇپى يازىدىغان ئايال.
14. ھەمىشە باشقىلارنىڭلا ئېرىنى ماختايدىغان ئايال.
15. ئېرىنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەت، شات ـ خۇراملىقى بىلەن چاتىقى يوق.
16. ئائىلىسىنىڭ سىر،چىلىكلىرىنى باشقىلارغا ئاشكارىلايدىغان ئايال.
17. خۇشاللىقى بىلەن خاپىلىقىنىڭ تايىنى يوق،ئۆزىنى كونترول قىلىشنى بىلمەيدىغان ئايال.
18. ئېرىگە ھەمىشە«ئەينى ۋاقىتتا ساڭا تەگمىسەممۇ بوپتىكەن»دەيدىغان ئايال.
19. ئەرلەرنى بېقىندى دەپ، قارايدىغان ئايال.
20. ئائىلىۋى مەسلىلىلەردە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئېرىگە: «قانداق قىلساق بولار»دەيدىغان ئايال

## ئاياللار كىشلىك مۇناسىۋاتتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

1. كىشلىك مۇناسىۋەتتە ئېلىشقا يۈگۈرەپ، بېرىشتىن قېچىشقا بولمايدۇ. باشقىلادىن نەپ ۋە ياردەم ئېلىشنىلا ئويلاپ، سەممىيلىكنى ئونتۇغاندا ھەققى دوسلۇققا مەڭگۈ ئېرىشكىلى بولمايدۇ.
2. كىشلەر بىلەن بىللە ئۆتكەندە ئالدى بىلەن باشقىلارنى، ئاندىن ئۆزىنى ئويلاش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، خوشال كەيپىياتنى ئاشۇرغىلى، بەختسىزلىكنى ئازايتقىلى بولىدۇ.
3. ئادەم خاتىرجەم كۆزى توق بولغاندىلا ئۆزىنى ئاسرىيالايدۇ. شەخسي مەنپەت ئۈچۈن قايغۇرۇپلا يۈرۈيدىغان ئادەم دائىم جىددىيلىك ئىچىدىلا ئۆتۈپ، ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن ناھايتى ئېغىر دەرىجىدە خورىتىدۇ . ئۆز ئەتراپىدىكى ئادەم ۋە ئىشلارغا ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ئۇمىدۋارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ، گۇمانلىنىپ باشقا غەرەزدە بولمىغاندا، مىركىن ۋە خوشال ياشىغىلى بولىدۇ.
4. كىتاپ ئوقۇش بىلىمنى ئاشۇرىدۇ، كەڭ قوساق بولۇش دوستنى كۆپەيتىدۇ.سىز باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكى ياكى خاتالىقىغا كەڭ قوساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلسىڭىز ئۇ ھالدا سىزنىڭ دوستىڭىز كۆپىيىدۇ، ئۆزىڭىزمۇ يېنىكلەپ قالىسىز.
5. كونىلاردا«ئەگرى كىشى ئازىدۇ،توغرا كىشى ئۆزىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. باشقىلار قىلغان سۆز ـ چۆچەكتىن ئارتۇقچە ئازاپلىنىپ ھەسرەت چەكمەسلىك،ئاچچىقلانماسلىق كېرەك. پىتنە ـ پاسات لاي سۇغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا چۈشەنچە بېرمەن دەپ ئالدراپ كەتكەندە ئۇ تېخىمۇ لېيپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئۆز رايىغا قويۇپ بەرسەڭ ئۆزلۈكىدىن سۈزۈلۈپ قالىدۇ.

مەنبە: ئاياللارغا تەربىيە دىگەن ماتىرىيالدىن ئېلىندى.

## بۇ 10ئىشنى چوقۇم قىلىشقا تىرىشىڭ

1. بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.
2. باشقىلارنى ئاۋارە قىلما ،
3. ئۆزۈڭگە كىرەكلىك بولمىغان نەرسنى ئەرزان دەپ سېتىۋالما ئۇساڭا ناھايتى قىممەت توختايدۇ،
4. تىخى قولغا كىرمىگەن پۇلنى ئالدىن خەجلىمە ،
5. ھەرگىز مەغرۇرلانما مەغرۇرلىنىش ئاچلىق ئۇسسۇزلۇق ۋە زىمستان سوغۇقتىنمۇ يامان
6. ئاچ كۆزلۈك قىلما يەۋەرمە ئازىيسەڭ پۇشايماندا قالمايسەن ،
7. كۆڭلۈڭ تارتمىغان ئىشقا ئۆزۈڭنى زورلىما. پەقەت ئۆز ئېختىيارلىقىڭ بىلەن قىلغان ئىشتىن زىركىمەيسەن ،
8. يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولمىغان ئېشلارنى دەپ ئۆزۈڭگە ئاۋارچىلىق تېپىۋالما،
9. ھەر قانداق ئېشتا ئۇسۇل ۋە شەكىلگە دىققەت قىل،

10. ئاچچىقلىك كەلگەندە ئالدى بىلەن ئونغىچە ساناپ ئاندىن گەپ قىل...

## ئۆمرىڭىزنى ئۇزارتىدىغان 13خىل ئادەت

هازىرقى كىشلەرنىڭ ئويلايدىغىنى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ كەتتى، مەسىلەن، قانداق قىلغاندا خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ؟ ئائىلە بىلەن خىزمەت مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ قانداق قىلىپ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك؟دېگەندەك ، بۇلارنىڭ ھەممىسى باش قاتۇرىدىغان ئىشلاردۇر. بەزىدە ئۆزىمىزدىن قانائەت ھىس قىلساقمۇ لېكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە ئەرزىمدۇ،ئەرزىمەمدۇ؟بۇنى بىلەيمىز. ھەممىمىزگە مەلۇم بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆپۈنچىلىرى 100 ياشتىن ئارتۇق ياشىغان. بىراق هازىرقى كىشلەرنىڭ ئوتتۇرچە ئۆمرى 60ياشتىن ئاشالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەپ ياخشى بولغان تۇرمۇش ئادىتىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىندۇر.
ياخشى بولغان تۇرمۇش ئادىتى يېتىلدۈرگەندە ئۆمرىمىزنى ئۇزارتقىلى بولۇپلا قالماستىن بەلكى130يىل ياشاش ئانچە قىيىنغا توختىمايدۇ.

1. ئەتىگەنلىك ناشتىنى ۋاقتىدا قىلىش
1ياش ياشىرىسىز ، ئاساسلىقى سۇ ۋە مىكرو ئېلمىنت تولۇقلايدۇ،لېكىن مايلىق يېمەكلىكلەرنى يېمەسلىك كېرەك.

2. توغرا بولغان جىنسى تۇرمۇش ئادىتى يېتىلدۈرۈش
6ياش ياشىرىسىز،توغرا بولغان جىنسى تۇرمۇش ئادىتى بەدەنگە پايدىلىق بولۇپلا قالماي يەنە پىسخىك ساغلاملىقىمۇ پايدىلىق.

3. ئىغىرلىق كۆتۈرۈش
7ياش ياشىرىسىز،بىر ھەپتىدە ئىككى قېتىم،ھەر قىتىمدا 20مىنۇت ئىغىرلىق كۆتۈرۈپ بەرسىڭىز،بەدىنىڭىزدىكى سۆڭەك مۇسكۇللار كۈچىيىدۇ،قان ئايلىنىشقا پايدىلىق،ئۇنىڭدىن سىرىت يەنە بەدەن شەكلىڭىز تىخىمۇ چىرايلىق بولىدۇ .
4. كۈندە مۇۋاپىق مىقداردا ساپ سۇ ئىچىپ بىرىش

9ياش ياشىرىسىز،كۈنىگە مۇۋاپىق مىقداردا ساپ سۇ ئىچىپ بەرسىڭىز يۈرەكنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشىلاشقا يۈرەكنى ياشارتىشقا پايدىلىق، چوقۇم مۇۋاپىق مىقداردا بولۇشى كېرەك، بولمىسا يۈرەك ۋە قان-تومۇرلارنىڭ ئىقتىدارىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ.

5. قاتتىق كۈلۈش
7 ياش ياشىرىسىز، داۋاملىق ئىچىلىپ كۈلسىڭىز، پىسخىكىلىق توسالغۇلار يوقىلىپ، كەيپىياتىڭىز ياخشىلىنىدۇ، ئۇنۇمى هازىرلا كۆرۈلۈپ يۈزىڭىز ۋە قەلبىڭىزدە ئەكىس ئىتىدۇ، بەلكىم ئۇنىڭدىن كۆپ ياشىرىشىڭىز مۇمكىن.

6. يىڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىش
5ياش ياشىرىسىز، دائىم يىڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىش ياشلىقتىكى گۈزەل ئەسلىملەرنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ، بۇ ئارقىلىق ياشلىققا قايتىپ قالغاندەك ھىس قىلىسىز.

7. ھەركۈنى تىز قەدەملەر بىلەن يىرىم سائەت مىڭىپ بىرىش
3ياش ياشىرىسىز، بۇ ئەڭ ياخشى بولغان بىرخىل چىنىقىش ئۇسۇلى.

**8. يېتەرلىك ئۇخلاش**
3ياش ياشىرىسىز، قانۇنىيەتلىك ھەم ياخشى بولغان ئۇخلاش ئادىتى يېتىلدۈرۈش كېرەك، ئەڭ ياخشىسى كۈنىگە 7سائەت ئۇخلاش كېرەك، بۇنداق قىلغاندا قېرىشنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**9. مېۋە ـ چېۋە، كۆكتاتلارنى كۆپرەك يەپ بېرىش**
4ياش ياشىرىسىز، مېۋە ـ چېۋە،كۆكتاتلارنى مۇۋاپىق يەپ بەرگەندە بەدەننى ھەرخىل ئوزۇقلۇقلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**10. گۆش ۋە ياغلارنى ئاز يېيىش**
6ياش ياشىرىسىز، ئامالىنىڭ بارىچە گۆش ۋە ياغلارنى ئاز يېيىش، كۈنىگە 20گىرامدىن ئىشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**11. چىش ئاسراش**
4ياش ياشىرىسىز،تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولىشىچە چىش كېسەللىكلىرى بىلەن يۈرەك،قان ـ تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ناھايىتى زىچ مۇناسىۋىتى بولۇپ،ئۇنۇملۇك ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ چىش ئاسرىغاندا ئىممۇنىت كۈچى ئاجىزلىشىپ كېتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىكەن.

**12.تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى شۇغۇللىنىش**
4ياش ياشىرىسىز، ھەر ھەپتىدە ئاز بولغاندا بىر سائەت ئاستا يۈگرەش، تاغقا چىقىش، پەلەمپەيدىن چىقىشقا ئوخشاش ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاندا قان ئايلىنىشنى ياخشىلاپ بەدەننى ساغلاملاشتۇرىدۇ.

**13. ئۆزبەدىنىڭكى كېسەللىك ئالامىتىنى ئالدىن بايقاش**
12ياش ياشىرىسىز، بەدىنىڭىزدە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلگەن ھامان دوختۇرغا تەكشۈرتۈپ ۋاقتىدا داۋالانغاندا، كېسەلنىڭ يامان تەرەپكە ئۆزگۈرۈپ كېتىشىنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئاپپاك تورى

## نىكاھ بۇزۇلۇشتىكى توققۇز بېشارەت

1. ئۆزىنىڭ تاشقى سىياقىغا ھەددىدىن ئارتۇق دىققەت قىلىش. مەسىلەن: ئورۇقلاشنى ياخشى كۆرۈش، ھۆسن تۈزەش، ئۇنچە ـ مەرۋايىتقا ھەۋەس قىلىشقا ئوخشاشلار. مانا بۇلار بىر خىل بېشارەت بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئۆز ھەمراھلىرىدىن قېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ چىراي ـ شەكلى تەڭداشسىز دەپ قاراۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن؛
2. ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى سۆركىلىشلەر ئازلاش. بۇ ئۇلارنىڭ ھازىرقى نىكاھ مۇناسىۋىتىگە بىپەرۋا پوزىتسىيە تۇتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن؛
3. ئائىلىدىكى مال ـ مۈلۈكنى <سېنىڭ ـ مېنىڭ> دەپ ئايرىش ياكى ئۆز ئالدىغا ئايرىم پۇل ساقلاش؛
4. ئائىلىنىڭ مۇراسىم ئىشلىرىغا قىزىقماس بولۇپ قېلىش. مەسىلەن: ئۆزلىرىنىڭ توي ـ تۆكۈننى خاتىرىلەش، يەكشەنبە كۈنلىرىدىكى ئائىلە يىغىلىشلىرىغا قاتناشماسلىق؛
5. ئۆزئارا بىللە بولۇش ئازىيىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن قويۇقراق مۇناسىۋەت باغلاش؛
6. تۇيۇقسىزلا خىزمەتكە بېرىلىپ كەتكەن بولۇۋېلىپ، ئائىلىنىڭ تۇرمۇش ئاۋارىچىلىقىدىن قېچىش؛
7. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى كوللېكتىپ سورۇنلارغا بېرىشتىن ئامالىنىڭ بارىچە قېچىش؛
8. تۈرلۈك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئائىلىلىرىدىكى ۋاقتىنى ئامالىنىڭ بارىچە ئازايتىش؛
9. ئائىلە ۋە تۇرمۇشنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك پىلانىغا پەرۋاسىز قارايدىغان بولۇۋېلىش

## ئاياللارنىڭ ئىرگە بولغان5تۈرلۈك نارازىلىقى

هازىرقى زامان توي قىلغان ئاياللارنىڭ ئىرگە  بولغان5تۈرلۈك نارازىلىقى

1. توي قىلىشتىن ئىلگىركىدەك رومانتىك ئەمەس.

بۇ بىر  ھەقىقى ئەھۋال بولغان كۆپىلگەن ئەرلەر توي قىلىشتىن ئىلگىرى قىز دوستى بىلەن  بازارغا بىرىپ ئايلىنىدۇ، بىرگە تاماق يەيدۇ، كىنو كۆرىدۇ، ئىشقىلىپ ئاساسەن قىز دوستىنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلىدۇ، قىز دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشنى ئاساسى مەقسەت قىلىدۇ.

توي قىلغاندىن كىيىن ئائىلىدىن ئىبارەت ئەرلىك مەسئۇلىيەت زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ،ئاساسى مەقسەت تىرىشىپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ ئائىلىسنى قامداش،باللىرىنى تەربىيلەش بولىدۇ.دىمەك بۇرۇنقىدەك رومانتىكلىكتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ.

ئەملىيەتتە ئايالىلار بۇ تەرەپتىن رەنجىمىسمۇ بولىدۇ، چۈنكى ئاياللار ئەرلىرىنى بۇرۇنقىدەك رومانتىكلىق بولۇشنى تەلەپ قىلسا،ئۇنداقتا ئەرلەر خىزمەت قىلماي كۈن بويى ئايالىغا ھەمراھ بولۇپ بازار ئايلانسا، بىرگە كىنو كورسە  بولىدۇ، ئۇنداقتا ئائىلىنىڭ ئىقتىسادى يۈكىنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ؟

2. ئايالىغا قارىتا ماختاش ناھايتى ئاز.

توي قىلغان ئاياللار مۇنداق دەپ قارايدۇ،توي  قىلىشتىن ئىلگىرى ھەمىشە بىر دەستە گۈل ياكى باشقا نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ تۇراتتى،ماختاش كەم بولمايتتى،لىكىن ھازىرچۇ؟ھازىر دەيدىغان گىپى،كۆكتاپ ستىۋالدىڭىزمۇ؟تاماق ئەتتىڭىزمۇ؟كىر يۇيۇپ بولدىڭىزمۇ؟باللارنىڭ ئۈگۈنىشى قانداقراق دىگەنگە ئوخشاش گەپلەر،ئىلگىرى بولسا ھەرگىز بۇنداق بولمايتتى،ھەمىشە سىزنىڭ مىنىڭ پەرشتەم،ئاپپىغىم دىگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتىم،ھازىر بۇ گەپلەردىن ئەسەرمۇ يوق دەپ قارايدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇ ئاياللارنىڭ خاتالىقى،تۇرمۇش بىرخىل پوزىتسيە،ھەرگىزمۇ ئىغىزدىكى گەپ ئەمەس.

3. ئۆزئارا پاراڭلىشىدىغان ۋاقت بەك ئاز.

ئائىلىدە دىيىشىدىغان گەپ-سۆزلەر بەكلا ئازىيىپ كەتتى،ئولتۇرۇپ كىشىلىك تۇرمۇش،ئىقىم مەسىلىرى توغرىسدا پاراڭلىشىدىغان ۋاقت بەكلا ئاز،پەقەت بالا ئاغرىپ قالغاندا بالىنىڭ سالامەتلىكى توغرىسدا ئازراقلا پاراڭ بولىدۇ،ئايال كىشى مەن بالامغا بەك ئامراق دىسە،ئەرمۇ تەڭلا مانمۇ بەك ئامراق دەيدۇ،

4. ئەر-ئاياللىق تۇرمۇش كۆڭۈللۈك ئەمەس.

يىڭى توي قىلغان چاغلاردا  تولۇق رازى قىلاتتى،لىكىن ھازىر ئەر-ئاياللىق تۇرمۇش ۋەزىپە بولۇپ قالدى،بۇرۇنقى ئۇ ۋاقىتلار شىرىن ئەسلىملا بولۇپ قالدى دەپ قارايدۇ.

ئەرلەر داۋاملىق بىرخىللا تۇرىۋەرمەيدۇ،ئۇلارمۇ قىرىيدۇ-دە.

5. ئاياللارغا بولغان كۆيۈمچانلىق يوق دىيەرلىك.

ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ئۆزىگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ،توي قىلىشتىن ئىلگىركىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.لىكىن ئەرلەر ھەدىسىلا ئاياللارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ،كۆيۈنۈش يىتەرلىك ئەمەس،ئادەمگە قاتتىق تىگىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئاياللار قۇش بالىسغا ئوخشايدۇ،ئۇچۇشنى ئويلايدۇ.لىكىن ئۇچالمايدۇ،بىرنەچچىنى تاقلاپ،ئازراقلا ۋىچىرلاپ توختاپ قالىدۇ خالاس.

شۇڭا مىنىڭ دىمەكچى بولغىنىم ئەرلەر ئاياللارغا بەكرەك كۆيۈنەيلى، ئاياللار ھەرگىزمۇ يىگانا ياشاشنى خالىمايدۇ، ئۇلارنىڭمۇ ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە سىرتلارغا چىققۇسى، مۇڭداشقۇسى كىلىدۇ، ئەرلەر توي خىتى ئالغان شۇ كۈندىن باشلاپ مەسئۇلىيتى تىخىمۇ كۈچىيىدۇ، شۇڭا ئاياللارغا بەكرەك كۆيۈنەيلى، ئۇلارغا ئامالىنىڭ بارىچە قاتتىق تەگمەيلى، ۋاقتىمىز بولسىلا ئۇلارغا ھەمراھ بولايلى،سىرتلاغا ئىلىپ چىقايلى، چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ قويايلى..

ئاپپاك تورى

## يەتتە جۈملىلىك ھېكمەتلەر

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دىگەن : قىيامەت كۈنى ئاللاھ يەتتە تۈرلۈك ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئەرش سايىسىدا سايىدىتىدۇ . ئۇلار:
1) ئادىل پادىشاھ
2) ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە ئۇسۇپ يېتىلگەن ياش.
3) خالى جايدا ئاللاھتىن قورقۇپ ياش تۆككۈچى.
4) دىلى دائىم مەسچىتكە باغلىنىپ تۇرىدىغان ئادەم.
5) مەخپى سەدىقە قىلغۇچى ، ھەتتا ئوڭ قولى بەرگەننى سول قولى بىلمەيدىغان كىشى.
6) ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن دوستلاشقان ياكى ئايرىلىدىغان كىشىلەر.
7) مەرتىۋىلىك ئېسىلزادە ئايال ئۆزىگە چاقىرسا ، ئاللاھتىن قورقىمەن دەپ رەت قىلغان ئادەم.
2. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:
بېخىل يەتتە خىل ئىشنىڭ بىرىدىن خالى بۇلالمايدۇ.
1) پېخسىق ئۆلگەندىن كىيىن ئۇنىڭ مېلى ۋارىسىغا قالىدۇ ، لېكىن بۇ ماللار ئاللاھنىڭ يولىغا ئىشلىتىلمەيدۇ.
2) ياكى ئاللاھ ئۇنى بىر زالىم ھۆكۈمرانغا يولۇقتۇرىدۇ . ئۇ تېز پۈككەندىن كىيىن ئۇنىڭ ماللىرىنى ئېلىۋالىدۇ.
3) ياكى ئۇ دائىم ئارزۇ ـ ھەۋەسنىڭ كەينىدە سوكۇلداپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ مېلى بۇ يولداچېچىلىپ تۈگەيدۇ.
4) ياكىئۇبىر ھەشەمەتلىك ئىمارەت سېلىشقا ھەۋەس قىلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىنانىڭ ئۇلى بوش چىقىپ قېلىپ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى مۇشۇنداق توختاپ قالىدۇ.
5) ياكى ئۇدۇنيا يۈزىدىلا زور بىر تالاپەتكە يولۇقىدۇ ، مەسىلەن : سۇ ئاپىتى ، ئوت ئاپىتى ، ئوغرىلىق دىگەندەك.
6) ياكى ئۇ ئېغىر كىسەلگە گىرىپتار بۇلىدۇ ، ئۇشۇنىڭ بىلەن داۋالىنىش ئۈچۈن بار مۈلكىنى سەرپ قىلىدۇ.
7) ياكى پېخسىق مېلىنى مەلۇم بىر جايغا كۆمۈپ قويىدۇ ، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆمگەن جايىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.
ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دەيدۇ :
كۆپ كۈلگەن كىشىنىڭ سۈر ـ ھەيۋىسى ئازلاپ كىتىدۇ.
كىشىلەرنى ھاقارەتلىسە ئۇمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ھاقارەتلىنىدۇ.
ئىسراپخورلۇق قىلسا ، ئۇنىڭ قەدرى ئۇتۇلىدۇ.
كىمكى كۆپ سۆزلىسە ناچارسۆز كۆپ بۇلىدۇ.
ناچار سۆز كۆپ بولساھايا ئازىيىپ كىتىدۇ.
ھايا ئازايسا تەقۋالىقى كىمىيىپ كىتىدۇ.
تەقۋالىقى كەم بولسا قەلبى ئۆلۈپ كىتىدۇ.
3. ئوسمان ئىبنى ئەففان مۇنداق دەيدۇ : « تام ئاستىدا ئۆلارنىڭ بايلىقى بار ، ئۆلارنىڭ دادىسى ئەسلىدە سالىھلاردىن » دىگەن « قۇرئان » ئايىتىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى :
ئايەتتىكى » بايلىق « بولسا بىر پارچە ئالتۇن ئۇستىگە يەتتە جۈملە خەت يېزىلغان:
1) ئۆلۈم كەلگەنلىكىنى بىلگەن ، ئەمما كۈلكە ـ چاقچاق قىلىپ يۈرگەن ئادەمگە مەن ھەيران قالىمەن.
2) دۇنيانىڭ رەزىللىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلغۇچىدىن ھەيرانمەن.
3) ھەممە نەرسىنىڭ تەقدىر بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ، يوقاتقىنىدىن ئېچى پۇشىدىغان ئادەمدىن ھەيرانمەن.
4) ھېساب ئېلىشنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنىلا دۇنيالىق توپلىغۇچىدىن مەن ھەيرانمەن.
5) دوزاخنىڭ مۇقەررەر مەۋجۇتلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە گۇناھ قىلغان كىشىدىن ھەيرانمەن.
6) ئاللاھنىڭ ھەققى مەۋجۇتلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھتىن باشقانەرسىلەرنى ئۇنتۇلماي يۈرىدىغان كىشىدىن ھەيرانمەن.
7) جەننەتنىڭ ھەق راستلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ، دۇنيادىن بەخت ئىزلەۋاتقانلاردىن ھەيرانمەن . ( يەنە بىر رىۋايەتتە شەيتاننىڭ ئۆز دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شەيتانغا باش ئەگكۈچىگە مەن ھەيران

قالمەن. )
4 بىر ئادەم ئەلىدىن سوراپتۇ :
ئاسماندىنمۇ چوڭ نەرسە نىمە ؟
زېمىندىنمۇ كەڭرى نەرسە نىمە ؟
دېڭىزدىنمۇ مول نەرسە نىمە ؟
تاشتىنمۇ قاتتىق نەرسە نىمە ؟
ئوتتىنمۇ قىزىق نەرسە نىمە ؟
قەھرىتان سوغۇقتىنمۇ قاتتىق سوغۇن نەرسە نىمە ؟
زەھەردىن ئاچچىق نەرسە نىمە ؟
ئەلى جاۋاپ بېرىپتۇ:
گۇناھسىز بوھتان چاپلىغۇچىنىڭ گۇناھى ئاسماندىنمۇ چوڭ.
زېمىندىنمۇ كەڭ نەرسەھەققەت.
قانائەتچان كىشىنىڭ قەلبى دېڭىزدىنمۇ مول.
مۇناپىقنىڭ يۈرىكى تاشتىنمۇ قاتتىق.
مۇستەبىت ھۆكۈمران ئوتتىنمۇ دەھشەت.
بېخىلغا ھاجىتى چۈشۈپ قېلىش قەھرىتان سوغۇقتىنمۇ بەك سوغۇق.
سەۋرچانلىق زەھەردىنمۇ ئاچچىق .( يەنە بىر رىۋايەتتە : دەرت ۋە غەمنى يۇتماق زەھەردىنمۇ ئاچچىق دېيىلگەن(

5. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دىگەن : جىبرىئىل ماڭا ئىزچىل تەكىتلەيدىغىنى قوشنىلارنى ھۆرمەتلەش بولغاچقا ، مەن تېخى ئۇنى قوشنىنى قوشنىغا مىراس قىلغان چېغى دەپ قاپتىمەن. ماڭا توي قىلىشنى دەۋەرگەچكە ، مەن ھەتتا ئاجرىشىش دۇرۇس ئەمەسمىكىن دەپ قاپتىمەن. ئۇ يەنە قۇللارغا ھېسداشلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرسە، مەن قۇللارنىڭ قويۇپ بېرىلىش ۋاقتى بېكىتىلىپ بولدى ، دەپ قاپتىمەن . ئۇ ماڭا دائىم چىش چوتكىلاشنى تەۋسىيەقىلىۋەرسە ، مەن تېخى چىش چوتكىلاش پەرز قىلىنغان چېغى دەپ قاپتىمەن. ئۇ يەنە مەندىن نامازغا جامائەتكە قاتنىششنى تەلەپ قىلىۋەرسە، مەن تېخى جامائەتكە قاتناشماي ئۇقۇغان ناماز ئاللاھ نەزىرىدە مەقبۇل ئەمەس ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. ئۇ يەنە ماڭا كېچىدە ئىبادەتكەتۇرۇشنى دەۋەرگەچ ، مەن تېخى كېچىسى ئۇخلىغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن. ئۇ ماڭا زىكرى قىلىشنى جىكىلەپ تۇرغاچقا ، مەن تېخى ئاللاھنى زىكرىقىلىشتىن باشقا سۆھبەت ، سۆز پايدىسىزمىكىن دەپ قاپتىمەن. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دىگەن : يەتتە خىل كىشىگە ئاللاھ قىيامەت كۈنى رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ئۇلارنى پاكلىمايدۇ، ئۇلارنى دوزاخقا تاشلايدۇ:
1) ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى.
2) قولى بىلەن لەززەتلەنگۈچى.
3. ھايۋانغا يېقىنچىلىق قىلغۇچى.
4. ئايالىنىڭ ئارقىسىدىن كەلگۈچى.
5. قىزى بىلەن ئانىسىنى بىراقلا نىكاھقا ئالغۇچى.
6. قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغۇچى.
7) قوشنىسىغائازار ۋە لەنەت قىلغۇچى.
7. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ :
ئاللاھ يولىدا جان بېرىپ شەھىد بولغاندىن باشقا يەنە يەتتە تۈرلۈك ئادەم شەھىد ھېسابلىنىدۇ:
قورساق ئاغرىقى بىلەن ئۆلگەن ئادەم.
سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن ئادەم.
كۆكرەك پەردە ياللۇغى بىلەن ئۆلگەن ئادەم.
يۇقۇملۇقكېسەل بىلەن ئۆلگەن ئادەم.
ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەن ئادەم.

تام يىسۇپىلىپ ئۆلگەن ئادەم.
تۇغۇتتىدا ئۆلگەن ئايال.
8. ئىبنى ئاbباس مۇنداق دەيدۇ:
ئەقىل ئىگىلىرى يەتتە نەرسىدىن كېچىپ يەتتە نەرسىنى قولغا كەلتۈرسۇن.
بايلىقتىن كېچىپ ناmراتلىقنى قولغا كەلتۈرسۇن.
ھاكاۋۇرلۇقتىن كېچىپ ، كەمتەرلىكنى قولغا كەلتۈرسۇن.
ساختىپەزلىكتىن كېچىپ ، سەمىمىيلىكنى قولغا كەلتۈرسۇن.
تولۇقچىلىقتىن كېچىپ ، يوقسۇزلۇقنى قولغاكەلتۈرسۇن.
خۇشاللىقتىن كېچىپ غەم-قايغۇنى قولغا كەلتۈرسۇن.
يۇقىرى مەرتىۋىدىن كېچىپ تۆۋەن دەرىجىنى قولغاكەلتۈرسۇن.
ھاياتتىن كېچىپ ئۆلۈمنى قولغا كەلتۈرسۇن.
مەنبە - « ئەخلاقنامە » - ئىمام غەززالى ، ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى

## سەككىز جۈملىلىك ھېكمەتلەر

1. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ :
سەككىز نەرسە باشقا سەككىز نەرسىگە قارىتا قانائەتلەنمەيدۇ.
كۆز كۆرۈش بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ.
تۇپراق يامغۇر سۈيى بىلەن قانمايدۇ.
ئاياللار ئەرلەرگە قانائەت قىلمايدۇ.
ئالىم بىلىمگە قانمايدۇ.
كۆپ سوئال سورىغۇچى جاۋاپقا قانائەت قىلمايدۇ.
ئاچكۆز پۇل يىغىشقا قانمايدۇ.
دېڭىز سۇغا قانمايدۇ.
يالقۇنلۇق ئوت ئوتۇن بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ.
2. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:
سەككىز نەرسە باشقا سەككىز نەرسىنىڭ زىننىتى.
پاك-دىيانەتلىك بولۇش - ناmراتلىقنىڭ زىننىتى.
تەشەككۇر ئېيتىش - نېئمەتنىڭ زىننىتى ( ساخاۋەتنىڭ. )
سەۋرچانلىق - مۇشەققەتنىڭ زىننىتى.
سىپايە بولۇش - ئىلىمنىڭ زىننىتى.
كەمتەرلىك - ئوقۇغۇچىنىڭ زىننىتى.
يىغا-قورقۇشنىڭ زىننىتى.
تاپا-تەنىگە پىسەنت قىلماسلىق - ياخشى ئىشنىڭ زىننىتى.
3. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداقدەيدۇ:
قورۇق گەپنى تەرك قىلغۇچى ئەقىلنى تاپىدۇ.
ماراپ يۈرۈشنى تاشلىغۇچى مۇلايىملىقنى تاپىدۇ.
ئاچكۆزلۈكنى تاشلىغۇچى ئىبادەتنىڭ لەززىتىنى تاپىدۇ.
قاقاقلاپ كۈلۈشنى تاشلىغۇچى سالماق قىياپەتكە ئىگە بولىدۇ.
چاقچاقنى تاشلىغان كىشى ئابرۇيغا ئېرىشىدۇ.
دۇنياغا بولغان ھەۋەسنى تەرك ئەتكۈچى ئاخىرەتكە بولغان ئىشتىياقنى تاپىدۇ.
باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىچىشتىنتەرك ئەتكۈچى ئۆز كەمچىلىكىنى ئۆزگەرتكەن بولىدۇ.
ئاللاھنىڭ قانداقلىقنى مۇلاھىزە قىلىشنى تەرك ئەتكۈچى مۇناپىقلىقتىن قۇتۇلغان بولىدۇ.

4. ئوسمان ئىبنى ئەففان ئېيتىدۇ:
كىچە بىدار تۇرۇپ ئىش بېجىرىدىغان ئادەم تۆۋەندىكى خىسلەتنى تاپىدۇ.
پىكىر ـ ھېسسىياتى ئاللاھتىن قورقۇشتىن خالى بولمايدۇ ، ئاللاھقا بولغان ئىنتىزارلىق بىلەن بولىدۇ.
تىلى ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىشتىن خالى بولمايدۇ ، ئاللاھقا مەدھىيە ئوقۇش بىلەن بولىدۇ.
كۆزى ھايا بىلەن بولىدۇ ، يىغىنى ھەمراھ قىلىدۇ.
ئىرادىسى پانى دۇنيانى تەرك ئېتىشتە بولىدۇ .
ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشتە بولىدۇ.
5. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ئېيتىدۇ:
نامازدا ئېھتىرام بولمىسا ، ئۇنىڭدا ياخشىلىق يوق . روزىدار يالغان گەپنى توختاتمىسا ، روزىسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ . ئىلىملىك تەقۋا بولمىسا ، ئىلىمنىڭ پايدىسى بولمايدۇ . قىرائەتنى تەھلىل قىلمىسا ، ئوقۇشنىڭ پايدىسى يوق . پۇل تورۇپ سېخى بولمىسا ، پۇلنىڭ پايدىسى بولمايدۇ . پۇت ـ قولنىڭ ھەققىنى قوغدىمىسا ، پۇت ـ قول ھەققىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ . بەخت ئۇزاق داۋاملاشمىسا ، بەختنىڭ پايدىسى بولمايدۇ . دۇئا ئىخلاس بىلەن بولمىسا ، دۇئانىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

مەنبە ـ « ئىمام غەززالىي ، ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىينىڭ ئەخلاقنامە » سى.
ئەگەر سىز كىشلىك تۇرمۇشتا باشقىلارنىڭ ياقتۇرشىغا ئېرىشەي دىسىڭىز ، باشقىلاردا ياخشى تەسىرات قالدۇراي دىسىڭىز تۆۋەندىكى 26 پىرىنسىپنى كۆرۈپ چىقىڭ :
1. تەقىقى ـ تۇرقىڭىز قاملاشقان بولۇشى كىرەك ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا تالانتلىق ئادەم بولۇشقا تىرىشىڭ، ئەگەر تالانتىڭىزمۇ يىتەرلىك بولمىسا داۋاملىق كۈلۈمسىرەشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.
2. مىجەز خۇلىق مۇھىم ھالقا ، ھەرقاچان ئاق كۆڭۈل بۇلۇڭ.
3. باشقىلار بىلەن قول ئېلىشقاندا ، سەل ئۇزۇنراق قول ئېلىشىڭ . سەممىلىك گۆھەردۇر.
4. گەپ سۆزدە دائىم «مەن» نى ئازلاشتۇرۇۋالماڭ.
5. دوستىڭىزغا پۇل بېرىپ تۇرماڭ.
6. ئۆيىڭىزگە كەلگەن مېھمانلارغا ئائىلىڭىزنىڭ ئالبۇمنى كۆرۈشكە زورلىماڭ .
7. باشقىلار بىلەن تاكسىغا چىققاندا ئامال بار شوپۇرنىڭ قىشىغا چىقىۋېلىڭ.
8. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ياكى ئارقىدىن بولسۇن ھەر ۋاقىت ياخشى گېپنى قىلىڭ ،بۇ گەپلەر شۇ ئادەمنىڭ قۇلىقىغا يىتىش يەتمەسلىگىدىن ئەنسىرىمەڭ .
9. باشقىلار ئالدىڭىزدا مەلۇم بىرسىنىڭ يامان گېپنى قىلغاندا سىز پەقەت كۈلۈمسىرەپ قويۇڭ.
10. ئۆزىڭىز كىچىك ماشنا ھەيدەپ كىتىۋاتقاندا ھەرگىز ئالاھىدە توختاپ ۋېلسىپىت (ياكى موتو دىگەندەك) مىنىپ كىتىۋاتقان تونۇشىڭىز بىلەن سالاملاشماڭ ، باشقىلار سىزنى ماشىننى كۆز كۆز قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ.
11. خىزمەتدىشىڭىز ئاغرىپ قالغاندا ئۇنى يوقلاپ بېرىشنى ئۇنۇتماڭ.
12. ئۆتمۈشىڭىزنى باشقىلارغا تولۇق بىلدۈرمەڭ .
13. سىزنى ياقتۇرمايدىغانلارنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىنىڭ.
14. «ئادىمىلىك بىرىنجى ، كەسىپ ئىككىنجى» نى ھەرۋاقىت ئۇنۇتماڭ .
15. ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى تەنقىلگەندە باشقىلار ئىشىنىدۇ ،لىكىن ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى ماختىسىڭىز باشقىلاردا باشقىچە چۈشەنچە پەيدا قىلىشىڭىز مومكىن .
16. ھەرقاچان ئۆزىڭىزنى باشقىلارنىڭ ئورنىدا قويۇپ مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىڭ.
17. باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى ھەقلىق دەپ قارىماڭ ، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى ئادەت قىلىۋېلىڭ.
18. باشقىلار سۆزلىگەندە ئاڭلىغۇچىز بولمىسىمۇ «ئاڭلاشنى» ئۆگىنىڭ .
19. ھەرقانچە تۆۋەن قاتلامدىكى ئادەم بولسىمۇ ئۇنىڭغا ھۆرمەت نەزىرىڭىز بولىشى كىرەك .
20. گەپ قىلغاندا دائىم «بىز» دەپ باشلاشنى ئۆگىنىڭ.
21. سەھنىدە ناخشا ئېيتقان ھەر بىر ناخشىچى ئۈچۈن چاۋاك چېلىڭ.
22. بەزى چاغدا جاۋابنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىڭىزمۇ سوراپ قۇيۇڭ ، مەسلەن» : ئالماس كۆزلۈك ئۆزىڭىز بەك

چىرايلىق ئىكەن ، قىممەتتۇ ھە ؟ » . يەنە بەزى چاغلاردا بەزى گەپلەرنى ھەرقانچە سورىغىڭىز بولسىمۇ سورىماڭ ، مەسلەن : «قانچە ياشقا كىردىڭىز ؟ » ، «ئېغىرلىقىڭىز قانچىلىك؟» دىگەندەك .

23. گەپ كۆپ بولغاندا چوقۇم ئېزىش بولىدۇ ، شۇڭا ئادەم كۆپ سورۇنلارغا ئامال بار ئاز سۆزلەڭ .

24. ياق دىمەكچى بولسىڭىز ئەڭ ياخشى «ئويلىنىپ باقاي» ، «مەن تىرىشىپ باقاي» ، «ھازىر ئېنىق بىر نەرسە دىيەلمەيمەن» ، «ئويلىنىپ بېقىپ سىزگە تېلفۇن قىلاي» ، «بۇ ۋاقىتتا باشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بارمۇ يوق بىلمەيمەن» لارنى سىناپ بېقىڭ.

25. ھەممە ئادەمنىڭ سىزنى ياقتۇرشىنى ئۈمىت قىلماڭ ، چۈنكى ئۇ مومكىن ئەمەس ، كۆپ ساندىكىلەر سىزنى ياقتۇرسىلا مانا بۇ ئۇتۇق.

26. ئەلۋەتتە ، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى ياخشى كۆرشىڭىز كىرەك.

توردىكى مەنبە: ئاقىللار مۇنبىرى

# ئەرلەر ۋە ئاياللار

ئەرلەر ئۆزى سۆيگەن ئايالغا يالغان گەپ قىلىدۇ، راست گىپىنى بولسا ئۆزى سۆيمەيدىغان ئايالغا سۆزلەپ بىرىدۇ.

ئەدەپ ـ قائىدىلىك كۆرۈنگەن ئەرلەر ئاياللار بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە،قۇيرىغىنى ئىچىگە تىقىۋالغان بولىدۇ.كۆرۈشۈش كۆپەيگەنسىرى

قۇيرىغىنى ئاستا ـ ئاستا چىقىرىدۇ.ئادەم بىلىقتا قارماق سىلىۋاتقاندا ،بىلىقمۇ ئادەمگە قارماق سىلىۋاتقان بولىدۇ.شۇڭا، ئەر ئايالنى ئازدۇرۇپتۇمۇ،ئايال ئەرنى ئازدۇرۇپتۇمۇ دەپ سوراپ يۈرمەيلى.ئىشقىلىپ ئۈلارنىڭ قولى تەگىشتىمۇ ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزىدە مۇھاببەت نۇرى چاقنايدۇ.(بىر ئەر بىلەن بىر ئايال يالغۇز قالسا 3 ـ سى شەيتان دىگەن گەپ بارغۇ.(

ئەرلەر نەزىرىدە ئاياللارنىڭ جەلىپكارلىغى ھەممىدىن مۇھىم، ئاياللارنىڭ نەزىرىدە ئەرلەرنىڭ سادىق لىغى ھەممىدىن مۇھىم.

ئەرلەر كۆزىگە ئىشىنىدۇ، شۇڭا گۈزەللەرگە ئاسان ئالدىنىپ قالىدۇ.ئاياللار مۇھاببىتىنى يۈرۈگىدە ساقلايدۇ،شۇڭا ئاسان ھىجران ئازابى تارتىپ يۈرىدۇ. ئەرلەر كۆزئالدىدىكى ئايالغا قىزىقىدۇ. ئاياللار كەلگۈسىدىكى ئەرگە قىزىقىدۇ.دۇنيادا ئاياللار ئاڭلاپ زىرىكمەيدىغان سۆز؛ـ مەن سىزنى سۆيىمەن.ئەرلەر بىر ئۆمۈر ئويلاپ تاپالمايدىغىنى:ـ مەن كىمنى سۆيىمەن؟ ئايالنىڭ چوقۇنىشى ئەرگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلسا،ئەرلەرنىڭ مەپتۇن بولىشى ئاياللارنى جەزبىلىك ۋەچاققان قىلىدۇ. لىكەن قارغۇلارچە چوقۇنۇش ئەرلەرنى ئۆزىنى بىلمەس قىلىپ قويسا، چىكىدىن ئاشقان مەپتۇن بولۇشمۇ ئاياللارنى شاللاق ۋە خىيالپەرەس قىلىپ قويىدۇ.

بەزى ئەرلەر ئايال كىشى 20ياشتا چىرايلىق،30ياشتا بىجىرىم،40 ياشتا چىۋەر ،50ياشتا مۇكەممەل بولسا دەيدۇ .

بەزى ئاياللار، ئەرلەر 20ياشتا ئايالنى سۆيسە،30ياشتا ئايالغا ھەمدەم بولسا،40ياشتا ئايالنى ھۆرمەت قىلسا،

50 ياشتا ئايالنى مەپتۇن قىلسا دەيدۇ. لىكىن ئەمەلى تۇرمۇشتا بەزى ئەرلەرنىڭ 20ياشتا توي قىلىپ.30 ياشتا ئايالنى ئۇرۇپ،

40 ياشتا ئايالدىن زىرىكىپ، 50ياشتا ئايالدىن قورقۇپ،60 ياشتا ئايالغا كۆيۈنۈپ،70 ياشتا ئايالغا يۆلۈنۈپ ياشايدىغانلىغىنى كۆرۈپ تۇرىمىز.

ئەرلەر ئەر بولماق تەس ، ھاياتلىقتا كىرىچ بىلەن ئوقياغا ئوخشايمىز دەيدۇ. ئاياللار ئايال بولماق تەس، ،ئۆيىنىڭ

ھۆددىسىدىن چىقمىز، دەپ ئۆيگە بىكىنىپ قالىمىز، شۇڭا نەزەر دائىرىمىز تار دەيدۇ.

ئەر ـ ئاياللار دائىم ئورنىنى ئالماشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىسىمۇ،مومكىن بولمىغاچقا،ئەرلەر ئاياللارنى، ئاياللار ئەرلەرنى مەڭگۈ چۈشەنمەي

ئۆتۈپ كىتىدۇ .

مەنبە>:مۇھاببەت ۋە ئائىلە<ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى

## ھەقىقى ئاياللار مانا مۇشۇنداق بولىدۇ

1. مېھرىنى ھەممىگە ، سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى بىرلا ئادەمگە بېغىشلىيالىغان ئاياللار ھەقىقىي مۇھەببەتلىك ئايالدۇر.

2. ھەم جىسمانى جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى تەن ئالالايدىغان، ھەم روھى جەھەتتىكى كۈچلۈكلىكىنى جارى قىلدۇرالايدىغان ئاياللار ھەقىقى قۇدرەتلىك ئايالدۇر.

3. ھەم پۇل ئۈچۈن ئۆزىنى بولغىمايدىغان، ھەم ھالال پۇلى بىلەن مەئىشەت سۇرەلەيدىغان ئاياللار ھەقىقى ئەخلاقلىق ئايالدۇر.

4. گۈزەللىكنى جاھان ئەھلى ئالدىدا نامايەن قىلالايدىغان، لىكىن ئۇنى ھەرگىزمۇ بازارغا سالمايدىغان ئاياللار ھەقىقى نۇمۇسلۇق ئايالدۇر.

5. كۆڭلى بولمىسا ھەتتا پادىشاھنىمۇ رەت قىلىپ، ئىشقى باغلانغان نامراتنىڭ ئايىغىغا باش قويالىغان ئايالla ھەقىقى ئىپپەتلىك ئايالدۇر.

6. ھالۋىنى كۆپ يېگۈزۈپ زاڭ تېتىتىپ قويمايدىغان، ۋاقتى كەلگەندە كەكىرنى شېرىن ھېس قىلدۇرالايدىغان ئايالla ھەقىقى خۇلقلۇق ئايالدۇر.

7. ھەم ھالال جۈپتىنىڭ مەيدىسىگە يۆلىنىشنى بىلىدىغان، ھەم يىقىلغان جۈپتىنى پۈتۈن جىسمى بىلەن يۆلەشنى بىلىدىغان ئايالla ھەقىقى ۋاپادار ئايالدۇر.

8. راستىنى ھامان راست دەيدىغان، لىكىن ئۆزگىنىڭ زىل كۆڭلىنى ئاياىدىغان، چىن مەۋقەسىنى باشقىچە شەكىلدىمۇ ئىپادىلەشنى بىلىدىغان ئاياللار ھەقىقى سەممى ئايالدۇر.

9. ئىچى قايىنىغاندا توغاندەك ئىچىگە سىغدۇرالايدىغان، ئىچى توشۇپ كەتكەندە تاشقىندەك تاشالايدىغان، شۇنداقتىمۇ ئەتراپىنى، يىراقنى نەزەردە تۇتالايدىغان ئايالla ھەقىقى سالماق ئايالدۇر.

10. چوغنى پۇلەپ ئوت قىلىپ ھۇۋلىداپ قالغان ئائىلىنى ئىللىتالايدىغان، لىكىن لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا ماي چېچىپ، ئۆينى يانغىنغا ئايلاندۇرۇۋەتمەيدىغان ئايالla ھەقىقى ئەقىللىق ئايالدۇر.

11. ئۆزىنى قەدىرلىگەنگە قۇللارچە ئىتائەت قىلىشنى بىلىدىغان، ئۆزىنى خارلىغانغا باتۇرلارچە قارشى چىقىشنى بىلىدىغان ئايالla ھەقىقى غورۇرلۇق ئايالدۇر.

12. ھىجران ئازابى ئىچىدە ئۆمۈر بويى ھالال جۈپتىنى كۈتۈپ ئۆلتۈرالايدىغان ، بېشىغا جۇدالىق كەلسە،كۆز ياشلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ پەرزەنتلىرىنىڭ تۈنجى ھەم ئومۇرلۇك ئۇستازى سۈپىتىدە ئۇلارنى تەربىيلەشنى بىلىدىغان ھەم ئۆزىنىمۇ شۇنىڭغا لايىق ئۆزلۈكسىز تۈردە تەربىيلەپ ماڭالايدىغان ئايالla ھەقىقى كۆيۈمچان ئايالدۇر.
مەنبە : خانىم ـ قىزلار دەستۇرى

## ئادەمنى بىزار قىلىدىغان قىزلار

**1.** تەنتەك قىزلا: بۇ خىلدىكى قىزلار دەسلەپتە ئۇغۇللارنىڭ ئامراقلىغىنى كەلتۈرىدۇ ھەتتا بىر مەزگىل ئارىلىشىپلا ئۇلارغا مۇھەببەت تەكلىپى قويىدۇ.لىكىن ۋاقىت ئۆزارغانسىرى ئۇلانىڭ بۇ خىل تەنتەكلىكى يىگىتلەنىڭ بىزارلىقىنى قوزغاپ قويىدۇ.بۇ خىلدىكى قىزلار يىگىتنىڭ سۆيىشى ۋە پەرۋاسىزلىقى ئىچىدە مىڭگۇگاڭگىراپلا ئۆتىدۇ .

**2.** هازازۇل قىزلار: بۇخىلدىكى قىزلار يىگىتلەرنى ئەڭ ئاسان بىزار قىلىدۇ.چۈنكى ئۇلارنىڭ ئادەم بار-يوق دىمەي، سورۇن تاللىماي هازازۇللۇق قىلىشى يىگىتلەنىڭ يۈزىنى چۈرۈشىدۇ .

**3.** ئۆزىنى دۇنيادا بىر دەپ چاغلايدىغان قىزلار: بۇنداق قىزلار چىراي گۈزەللىكىنى ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ.گەرچە ئۇ باشقىلانىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن ئادەتتىكىچە ئادەم بولسىمۇ، ئۆزىنى گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ، دەپ قارايدۇ.شۇڭا ئۇلار يىگىتلەرنىمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا يىگىتلەر بۇ خىل قىزلارغا ئۆتتاق قىزىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن ئاسانلا بىزار بوپ قالىدۇ .

**4.** هاڭۋاختى قىزلار: بۇنداق قىزلارنى ياخشى كۆرگەن يىگىتلەر، ئاسانلا پۇسمان قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بىز ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماسلىغى، دائىم قارشى تەرەپكە يۈلۈنۈۋېلىشى يىگىتلەرنى بىزار قىلىدۇ .

**5.** ھۇرۇن قىزلار :جەمئىيىتىمىزدە بۇ خىلدىكى قىزلار بىر قەدەر كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدۇ، بۇنداق قىزلار ئۆي ئىشلىرى ۋە باشقا ئىشلاردا ھۇرۇنلۇق قىلغان بىلەن ئۆزىنى ياساشقا ئىنتايىن چىۋەر، لىكىن بۇ خىل « چىۋەر» لىك يىگىتلەرنى ئاسانلا سەسكەندۈرىۋېتىدۇ .

**6.** ھەددىدىن زىيادە ئەقىللىق قىزلار: بۇ خىلدىكى قىزلار ئاسانلا يىگىتلەر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىدۇ. سەۋەبى يىگىتلەر قىزلارنىڭ يەنىلا ئۆزىگە تايىنىشىنى ، ئۆزىدىن تۆۋەنرەك تۇرىشىنى ياقتۇرىدۇ. شۇڭا ھەممە ئىشتا ئۆزىگە تايىنىدىغان، قارشى تەرەپنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلمايدىغان قىزلار يىگىتلەرنىڭ سۆيۈشىگە مۇيەسسەر بولالمايدۇ .

**7.** نەزەر دائىرىسى تار، مەيدانى ئېنىق بولمىغان قىزلار: بۇ خىلدىكى قىزلارنىڭ نەرسە سېتىۋالغاندا بولامدۇ، بىرەر ئىشنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە بولامدۇ ئىش قىلىپ، ھەممە ئىشتا مۇستەققىل مەيدانى بولمايدۇ، شۇڭا يىگىتلەر بۇنداق قىزلاردىن ئاسانلا بىزار بولىدۇ .

مۇھەببەت ئۆزگەرمەيدۇ، يىگىتلەر مەڭگۈ بىرىگىلا بېرىپ ئۆتۈپ كىتىدۇ دىيىش
ئۇمۇمىيلىق ئەمەس، شۇڭا يىگىتىڭىزنىڭ مىجەزى، خۇي پەيلىگە قارىتا ئۇنى سۆيۈڭ،
قېلىپقا ئېلىۋالماڭ .
شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتىدىن ئېلىندى.

## توي ئىشىڭىزنىڭ نىمە ئۈچۈن كىچىككەنلىكىنى بىلەمسىز؟

ياشلىرىمىز ئىچىدە تۇرمۇش قۇرۇش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ،تېخىچەتوي قىلمىغان ياشلار خېلى بار. بۇ ياشلار نىمە ئۈچۈن توي قىلىش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتسىمۇ تېخىچە توي قىلمايدۇ؟

يېشى چوڭىيىپ كەتكەن ياشلىرىمىز ئالدى بىلەن ئالدى بىلەن ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان سەۋەپلەر ئۈستىدە توختالمىغاندا ئېھتىمال بۇ مەسلىنى تولۇق ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ياشلىرىمىزنىڭ توي ئىشى ۋاقتىدا ھەل بولماي، يېشىنىڭ چوڭىيىپ كىتىشىدە ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان سەۋەپلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

**1.** تەلەپنى بەك يۇقىرى قويىۋېتىدۇ .

**2.** ئۆتمۈشنى ئۇنتالمايدۇ.يەنى ئىلگىرى ساپ مۇھابىتى ئالدىنىپ ،ئەقىدىسى خورلانغان ياكى ھەرخىل سەۋەپلەر تۈپەيلى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن توي قىلالمىغان.مۇھەببەتنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تاتقان .

**3.** لايىق تاللاش شەرتى بىلەن ئەملى ئەھۋال ،شارائىت ماس كەلمىگەن .

**4.** ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەپ ئىلگىركى ۋاپاسىز يارىغا قېيداپ ھىچكىمگە ئىشەنمەسلىك .

**5.** ئۆزمە كۆڭۈللۈك قىلىش. بىرلا ۋاقىتتا بىر نەچچىسى بىلەن تەڭلا ئارىلىشىپ ئاخىرى چاۋىسى چىتقا يېيىلىپ ھەممىدىن قۇرۇق قېلىش .

**6.** ھەمىشە ئىلگىركىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۇرۇۋېلىش .

**7.** قارىغۇلارچە بويسۇنۇش.يەنى تاپقان لايىقى ئاتا-ئانىسىغا ياقمىسا ئۇلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشىپ باقمايلا

بولدى قىلدۇ .
8. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تېپىپ بىرىشىنى ياكى ئۆزلىكىدى كىلىشىنى كۈتۈش .
9. ئۇمۇتسىزلىنىپ توي قىلىشتىن ۋاز كىچىش. يەنى كۆڭۈلنى ، ھىسياتنى ئاساس قىلىۋېلىپ كۆڭلۈم چۈشمىدى دەپلا ياخشى لايىقلارنىمۇ قولدىن بىرىپ قويۇش .
10. نىكاھ ـ مۇھاببەت پاجىئەلىرىنى ئاڭلاۋىرىپ ھەم يەنە باشقا سەۋەپلەر تۈپەيلى توي قىلىشتىن قورقىدىغان بۇلۇپ قېلىش .
11. فىزولوگىيىلىك ئامىل ۋە دىنىي ئامىل تۈپەيلى يات جىنىسلارغا قىزىقماس بۇلۇپ قېلىش .
12. ئىقتىسات كەمچىل بۇلۇش سەۋەپلىك .
13. مۇناسىۋەت دائىرسىنىڭ زىيادە تارلىقىدىن باشقىلار بىلەن تۇنۇشۇش پۇرستى بولماسلىق .
14. كەسپىكە ياكى خىزمەتكە غايىپەرەسلىك بىلەن بىرىلىپ كىتىپ توي ئىشىنى ئويلاشقا ۋاقىت چىقىرالماسلىق .
15. باشقىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى شاللاقلىق دەپ خاتا چۈشۈنۈپ قېلىپ ئۆزى ئالدىغا كەلگەن ياخشى لايىقتىنمۇ قۇرۇق قېلىش .
پايدىلىنىش ماتىريالى:« قىزلار دەستۇرى»دىن

# ئاياللارغا زادى قانداق ئەر كېرەك؟

**دىلمۇرات تۆمۈر**

***جەمئىيەت ، ئەخلاق ۋە ئەدەبىيات***

چوڭلار باللارغا تەربىيە بەرگەندە داۋاملىق «ئەخلاق ئادەمنىڭ زىننىتى» دېگەن ماقال – تەمسىلنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. توغرا ئەخلاق ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ زىننىتى. ئادەم ئەخلاقلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ، ئادەم ھېسابلىنىدۇ. «ئادەم» دېگەن سۆزنىڭ ئوبرازلىق مەنىسىمۇ ، ئەخلاق دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش. چۈنكى بىز مەلۇم دائىرىدە چۈشىنىدىغان ھەرقانداق بىر ئادەمنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەكلا ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ شۇ كىشىنىڭ ئەخلاقىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. راۋۇرۇس ئەخلاقلىق ئادەمنى «ھەقىقي ئادەمكەن» دەيمىز. يەنە شۇنداق ھەقىقي ئادەم سۈپىتىگە ئىگە ئادەمنى «ئەخلاقلىق» ئادەمكەن دەيمىز. ئۆز نۆۋىتىدە «ئەخلاق» بىلەن «ئادەم» بىر – بىرىگە شۇنداق يېقىن ئىبارىلەركى، ئەلمىساقتىن تارتىپ بۈگۈنگىچە ھەرقانداق كۈچ ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىگە باشقىچە تەبىر بېرەلمىگەن، شۇنداقلا تەبىر بېرىشىمۇ مۇمكىن بولمىغان.

يېقىنقى مەزگىللەردىكى بەزى غەرب ئەللىرىنىڭ ئەخلاقتىن چەتنىگەن ھالدا يولغا قويغان دىموكراتىيىلەشتۈرۈش سىياسەتلىرىنىلا ئالساق بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشىنەلەيمىز. مەسىلەن: ئۇلار مەلۇم نىسبەتتىكى پۇقرالىرىنىڭ تەلپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانلىرىغا يات بولغان بىرقىسىم ئەركىنلىكلەرنى قوللىغان ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىكى يەنىلا جىنسى ئەركىنلىك بولۇپ، تېخى نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەركىنلىكىدىن پەخىرلەنگەن. ھەتتا بىرمۇنچە غەربلىكلەر ئەيمەنمەستىن، ئوخشاش جىنىسلىقلار مۇھەببىتىنى قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق قوللاشنى تەلەپ قىلغان، دۆلەت باشلىقلىرى باش بولۇپ قوللىغان ۋە بۇنى دىموكراتىيەلىشىشنىڭ نامايەندىسى دەپ قارىغان.

كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇكى بەزى يەرلەردە بۇ ئىشمۇ ئاللىقاچان ئەمەلىيلىشىپ، خېلى كۆپ غەيرى نورمال مۇھەببەتداشلارمۇ پەيدا بولغان ئىدى. لېكىن بۇ ئەركىنلىك ئاخىرقى ھېسابتا شۇ كىشىلەرگىلا ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بالايى ئاپەت، قازايى – كارامەت ئېلىپ كەلدى. ئەخلاق، ئەدىمىيلىكنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ، ئەيدىسكە ئوخشاش نىجىس كېسەللەرنىڭ كېڭىيىشىگە سەۋەپ بولدى. نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىپ، سان – ساناقسىز نارىسىدىلەرنىڭ بىغۇبار ھاياتى نابۇت قىلىۋېتىلدى. ھىلىمۇ ياخشى ئاشۇ غەربلىكلەر باشقا يەرلەردىكى ئادەملەرگە قارىغاندا ساپالىق ئادەملەر بولغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى

تېزلا ھېس قىلىپ، دەررۇ تەدبىر قوللىنىپ، بۇ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تۇتۇش قىلىپ قايتىدىن ئەخلاق، ئادىمىيلىكنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلارنىڭ قولىدا زور مالىيە كۈچى ۋە مەدەنىيەتلىك پۇقرا بولغاچقا، قوللانغان چارە – تەدبىرلەر مەلۇم دەرىجىدە ئۈنۈم بېرىپ، بۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھاياتى ئەزىزلەندى. ئەمما بارلىق زىيان ئۇلاردىن بۇنى ئاگاھسىزلارچە يۇقتۇرىۋالغان ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىگە بولدى. بۇ ئەللەردە قولنى نەگە سۇنسا شۇ يەرگە يېتىدىغان مالىيە كۈچى، توغرا پىكىر قىلالايدىغان ساپالىق پۇقرا كامچىل بولغاچقا، كۆز ئالدىدىكى ئاپەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا مىسلى كۆرۈلمىگەن قىيىنچىلىققا ئۇچراپ ئاچچىق تولغاندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەللەردىكى سانسىزلىغان ئادەملەر شۇنداقلا كىچىك باللار قۇربانلىققا ئايلىنىپ كەتتى. شۇ قاتاردا جۇڭگومۇ بۇنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى.

بىراق جۇڭگونىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە بولۇپ ئاشۇ باي دۆلەتلەرگە ئوخشىمايدۇ. نىمشقا دېگەندە جۇڭگو پۈتۈن دۇنيادىكى نوپۇزنىڭ بەشتىن بىرىنى باقمىسا بولمايدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولغىنى تېخى ئۇزۇن بولمىدى. پۇقرالارنىڭ زور كۆپچىلىكى نامرات دېھقانلار، نامرات بولغاندىمۇ ساۋاتسىزلىق ئەمدىلا تۈگۈتىلگەن رايونلاردا ياشاۋاتقان دېھقانلار. بۇنداق ئەھۋالدا ھۆكۈمەتنىڭ ئاپەتكە قارشى تۇرۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىشى ئېنىق. مالىيە جەھەتتە ئېشىنغان ھالەتتىمۇ، پۇقرالارنىڭ ساپاسى جەھەتتە ئامالسىزلىق ھېس قىلماي قالمايدۇ. چۈنكى ساۋادى ئەمدى چىققان ئادەمگە يوشۇرۇن ئاپەتنىڭ تەھدىتىنى چۈشەندۈرۈش تەس. ئادەملەرنىڭ ئەن – ئەنىۋى كۆز قارىشى ئۆزگەرگەن ئەھۋال ئاستىدا تېخىمۇ شۇنداق.

يېقىنقى نەچچە ئون يىلدا جۇڭگو نامراتلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان بولسىمۇ ئەمما بۈگۈنكى كۈندىكىدەك ئەخلاق كىرزىسىغا ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان يامان تەسىرنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ باقمىغان. باشقا مىللەتلەرنى قويۇپ تۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىلا ئالساق، ئۇيغۇرلار يۇقارقىدەك ئاپەتلەرنىڭ زىيىنىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تارتتى ھەم تارتىۋاتىدۇ. نەچچە يىللار ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى گۈزەل ئەخلاق ئەندىزىسىنىڭ جىنسى ئەركىنلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇۋاپىق بولمىغان سىرتقى تەسىرگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كۈچىگەن ئىدى. ئەمما ئورۇق ئات جەڭگە يارىماپتۇ دېگەندەك كەلكۈندەك بېسىپ كېلىۋاتقان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئامالسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىلا ئانچە ساپالىق بولمىغان زور بىرقىسىم ئۇيغۇرلار غەرب مەدەنىيىتىگە ئارىلىشىپ كەلگەن يامان تەسىرنىڭ بويسۇندۇرۇشىغا ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ قارىماققا چىرايلىق كۆرۈنىدىغان تۇرمۇش ئەندىزىسىگە تەسلىم بولۇپ، بىلىپ – بىلمىگەن ھالدا ئاق بايراقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ شەرقتىكى غەلىتە غەربلىكلەرگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غەربلىكلەر ئۆزلىرى ئادەت قىلىپ ئۆزلىرى ئىستىمال قىلىشقىمۇ قادىر بولالماي كېلىۋاتقان، ئۇيغۇرلارغا يات بولغان بۇ غەيرى نورمال مەدەنىيەت ھادىسىسىنى بىراقلا ئىستىمال قىلىۋېلىپ، جىق تاماق يەۋالغان ئادەم ئاشقازىنىنى بۇزۇۋالغاندەك، ئۆزلىرىنى بىراقلا بۇزۇۋالدى. بەزى يىراقنى كۆرەر زىيالىيلار بۇنىڭغا ئېچىنغان ھالدا قارشى تۇرۇپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئالدىنى ئېلىپ، كۆپچىلىككە بەش قولنى بىراقلا ئېغىزغا تىققىلى بولمايدىغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ياخشى يېرىنى قوبۇل قىلىپ، ماس كەلمەيدىغان يېرىنى قوبۇل قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ ئۆزىمىزنى دەگسەپ بېقىپراق قوبۇل قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرسىمۇ، بۇنى ئاڭلايدىغانلىغا ئادەم ھامان ئاز چىقتى. تېخىمۇ يامان يېرى بۇلۇڭ – پۇشقاقلىردا لاغايلاپ يۈرگەنلەرنى ئاز دېگەندەك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ رولىنى قولىدا تۇتۇپ كېلىۋاتقان بىرقىسىم زىيالىيلارمۇ بۇ سەپكە قوشۇلۇپ ئۆز ئەمەلىيىتى ۋە بىرقىسىم نەشر – ئەپكارلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇنى قوللىدى ياكى قوللاشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەنئەنە بىلەن زورۇقۇپ قوبۇل قىلىنغان غەيرى يېڭىلىق ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، نورمال تەرەققىيات، ھادىسە خاراكتېرلىك زەربىگە ئۇچرىدى. كىشىلەرنىڭ ئېڭى قالايمىقانلىشىپ، ئەخلاق بۇزۇلۇپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ مىللىي خاراكتىرىگە ئېغىر دەز كەتتى.

ھەممىگە مەلۇم، ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئائىلە – نىكاھ مۇناسىۋىتىگە تولىمۇ سەزگۈر نىكاھنىڭ پاكلىقىنى يۈكسەك ھالدىكى ئەخلاق ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەيدۇ. بۇ ئۆلچەمنى ئۇلار كىشىلىك غۇرۇرى بىلەن سۇغۇرۇپ، ئەڭ كاتتا ياشاش ئۆلچىمى، مىزانى قىلىدۇ. ھەتتا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن جان بېرىپ، جان ئالىدۇ. مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئون يىللاپ تۇرمە ئازاۋى تارتسىمۇ، مېيىپ ناكا بولۇپ قالسىمۇ ئاغرىنمايدۇ. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا ماداراچىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ.

يېقىندا مەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2003 – يىللىق 3 – سانىدىكى يازغۇچى مۇھەممەت سالى مەتروزىنىڭ «ياشاپ باقە بەرنا» دېگەن پوۋېستىنى ئوقۇپ چىقتىم ۋە ئىختىيارسىز بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن ئوقۇغان «تارىم ژۇرنىلى» نىڭ 2002 – يىللىق 8 – سانىدىكى گۈلنىسا جامالنىڭ «رېئاللىقتا ئايلانغان چۈش» دېگەن پوۋېستىنى ئەسلىدىم ۋە بۇ ئىككى پوۋېستتىكى ئەخلاق كۆزقارىشى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم.

«رېئاللىقتا ئايلانغان چۈش» ئۇيغۇر پروزىچىلىقى نۇقتىسىدىن قارىغاندا ياخشى يېزىلمىغان ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. بۇنى ئەسەرنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كىشى بايقىماي قالمايدۇ. چۈنكى ئەسەرنىڭ تىلىدا نۇرغۇنلىغان كېسەللىك ساقلانغان بولۇپ بۇ مەزكۇر ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن. ئەمما مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئەسەرنىڭ بۇ تەرىپى بولماستىن بەلكى ئەسەردە كۆچەپ كۆككە كۆتۈرۈلگەن غەلىتە ئەخلاق كۆزقارىشى بولۇپ، بۇ پۈتۈن ئەسەرنىڭ ھەربىر ئىنچىكە ھالقىلىرىغىچە تارقالغان، شۇنداقلا باشقىلارغا مۇشۇنداق ياشاشنىڭ توغرىلىقى ئۈستىدە ۋەز ئېيتىلغان. مەن پوۋېستنى ئوقۇپ چىقىپلا يازغۇچىنىڭ بۇنداق باللارچە ساددا پىكرىگە ئىچىم سىرىلدى ۋە ئۇنىڭ چاكىنا بەخت كۆزقارىشىغا، ئۇيغۇر ئەخلاق ئەندىزىسىگە بولغان يەڭگىل مۇئامىلىسىگە ھەيران قالدىم. چۈنكى ئۇ ئۆز قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژى «خەۋلەگە» قاملاشمىغان بىر غايىۋانە بەختنى زورلاپ تېڭىشقا ئۇرۇنغان. ئەمما ئۇ بۇنداق ئۇرۇنۇشقا كۈچىگەنسىرى ئۆزىنىڭمۇ، ئەسەردىي باش قەھرىمانىنىڭمۇ ھالى خاراپلىشىپ ئاخىرقى ھېسابتا يازغۇچى يەتمەكچى بولغان مەقسەتكە يېتەلمىگەن. توقۇلما دۇنياسىدىكى چىن ئىنسان خەۋلەمۇ چاكىنا بىر شەخسكە ئايلىنىپ قالغان.

ئەسەردە ئاپتور باللىرى، ئېرى بار بىر ئايالنى ھېسسىيات قايىنىمىغا سۆرەپ كىرىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا نىسىپ بولۇش ئىمكانىيىتى ناھايىتى ئاز بولغان چاكىنا بىر بەختنى تاڭىدۇ. يەنى خەۋلەنى «ئاشنا» ھىساۋىدىكى مۇھەببەتكە ئېرىشتۈرۈپ، شۇ مۇھەببەتنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگۈزمەكچى بولىدۇ ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى بۆلۈپ رېئاللىقتىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چاكىنا ئىشلارنى قوللاش مەقسىتىدە بولىدۇ. قوللاش مەقسىسە بولدى دېيىلمىگەن ھالدىمۇ بۇ ئىشلارغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدۇ. ئەسەردىكى بەختنى تاپقان ئاتالمىش بەختلىك پېرسوناژ خەۋلە ئەسلىدە ئېرى، باللىرى بار بىر زىيالى، شۇنداقلا ئىقتىدارلىق كەسپىي خادىم. مۇشۇ سالاھىيىتى بىلەن ئۇ تامامەن بەختلىك ياشاشقا ھەقلىق. بىراق ئۇنىڭ بەختى يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بەخت بولماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇ ھېلىقىدەك چېكىدىن ئاشقان رومانتىك خىياللاردىمۇ بولماسلىقى كېرەك ئىدى. بىراق ئۇ ئاشۇنداق خىيالدا بولىدۇ. يەنى ئاخىرى ئاشۇ خىيالدىكى ئارزۇسىغا يەتكەنمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ باللىرىنى، جەمئىيەتنى، تومۇرىدا كۆۋجەپ ئېقىۋاتقان قىپقىزىل قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئەن – ئەنۇۋى ئەخلاق مىزانلىرىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئويلىدى دېگەن بىلەنمۇ ئۇنىڭغا ئېرىنىڭ بۇزۇقچىلىقىنى ھېساب قىلىپ ئۆزىنىڭكىنى ھەقلىق قىلىدۇ.
ئەسەرنىڭ بېشىدىلا مۇنداق قۇرلار بار: «خەۋلە ئۇنىڭ ھىدىنى پۇرىماقتا. ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇ بوينىغا گىرە سېلىپ تۇرغان بۇ ئادەم ئۇنىڭ ئېرى ئەمەس. بۇ ئادەمنىڭ يەلكىسى كەڭ، بەدىنى شۇنداق كېلىشكەن، ئورۇق ئېگىز، موسكۇللىرى چىڭ، بۇغداي ئۆڭ ھەرىكەتلىرى ئىنتايىن مۇلايىم. خەۋلە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى، لېكىن بېشىنى كۆتۈرەلمىدى» بۇنىڭ ئاخىرى يەنى ژۇرنالنىڭ 57 – بېتىدە مۇنداق قۇرلار بار «ئۇ ئەر ئۆزىدىن خېلى ئېگىز، مۇسكۇللىرى شۇنداق چىڭ، خەۋلە ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇنىڭدىكى مۇلايىملىقنى ۋە قىزغىنلىقنى ھېس قىلماقتا. ئەگەر ئۇ مېنى ئويغىتىۋەتمىگەن بولسا (ئېرىنى دېمەكچى) ئاخىرىدا نېمە ئىشلار بولاتتىكىن تاڭ، ئۇ ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ بېشىنى چايقاپ قويدى» مانا بۇ خەۋلەنىڭ چۈشى. ئەمما بۇ چۈش كېيىن رېئاللىقتا ئايلىنىدۇ. يەنى ئۇ بىلىم ئاشۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ ۋە چۈشىدىكى ھېلىقى ئاق ئاتلىق شاھزادىگە ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ يەنى ئېرى بار، بالا چاقىلىق بىر ئايال بىلەن، يېتىشكەن بىر زىيالىينىڭ سۆنئىيلىككە تولغان رومانتىك مۇھەببەت تارىخى باشلىنىدۇ. بۇ جەرياندا خەۋلە پۈتۈن ئەسلى – ۋەسلىنى ھېلىقى ئادەمگە يەنى ئاتالمىش ئاياللار قەلبىدىكى مەبۇتقا تاپشۇرىدۇ. ئۇلار بىللە ساياھەت قىلىدۇ، بىللە تاماق يەيدۇ، ھەتتا بىللە يېتىپ غەرىبچە ھۇزۇر سۈرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا قىسقىغىنا بىرنەچچە كۈنلۈك ۋاقىتتىمۇ ئۇلار ئەخلاق مىزانلىرىغا يات بولغان بارلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئۈلگۈرىدۇ.
مەن يازغۇچىنىڭ مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقاندا ئۆزىدىكى ئەخلاق كۆزقارىشى ۋە جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە قانچىلىك ئويلانغانلىقىنى پەملەپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئەدەبى ئەسەر توقۇلما بولىدۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا چىن نەرسە. باشقىچە ئېيتقاندا ئەدەبى ئەسەر تۇرمۇشنىڭ يەنە بىر شەكلىدە داۋاملىششى. ئۇنىڭدىكى تۇرمۇش

ئۈنىڭدىكى كىشلىك مۇناسىۋەت ھامان رېئاللىقتىن كەلگەن. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەردىكى تەسۋىرلەرنىڭ رېئاللىققا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. ھەرقانداق قەلەم ساھىبى قولىغا قەلەم ئالغاندا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ نېمىنى يازماقچى ۋە يازغان نەرسىسىنى كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى ئويلىماي قالمايدۇ ھەم قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشىنى خالىسا، ئۆزى كاللىسىدا نېمىنى ئويلاپ يۈرگەن بولسا قەغەزگە شۇنى يازىدۇ. يازغۇچى گۈلنىسا جامالمۇ قولىغا قەلەم ئالغان چاغدا بۇنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ ئايالار دۇنياسى ئاشۇنداق بەختكە مۇھتاج دەپ قارىغان بولسا بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما قوللاشقا ھېچكىممۇ قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى دۇنيا تولىمۇ سىرلىق، ئۇ بەزىلەرگە بەرگەننى بەزىلەرگە بەرمەيدۇ. بەزىلەرنى ئېگىز قىلسا بەزىلەرنى پاكار قىلىدۇ. بەزىلەرنى ئۇلۇغ قىلسا بەزىلەرنى خار قىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ بەخت تەلىيىنى ئوڭ تەرىپىدىن قىلسا، بەزىلەرنىڭ تەلىيىنى سول تەرىپىدىن بېرىدۇ. قىسقىسى بۇ دۇنيادا ياشىغان ھەرقانداق ئىنسان ھەممە نەرسىگە تولۇق ئېرىشتىم دېيەلمەيدۇ، ھەم دېيىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ دۇنيانىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىغا سوكۇت قىلىشقا قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئائىلىۋى تۇرمۇشتا شۇنداق قىلماي بولمايدۇ. چۈنكى ئائىلە ئوخشىمىغان مىجەزدىكى، ئوخشىمىغان سۈپەتتىكى ئادەملەرنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان قارارگاھى. بۇ قارارگاھتىكى ئادەملەرنىڭ بىر – بىرىگە ئوخشىمىغان ئارتۇق كام يېرى بولۇشى مۇمكىن. كىشىلەر ئائىلە قۇرغان دەسلەپكى چاغدا بۇنى سەزمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما ئۇزۇن مۇددەت بىللە ياشاش جەريانىدا بۇنى سېزىدۇ. ئەنە ئاشۇ سەزگەن چاغدا ئادەملەر نۇرغۇن ئىشلاردا كېچىكىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. جۆرىسىنىڭ باشقىلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىش ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئازاب بولۇپ بۇنى چۈشەندۈرۈش ئىنتايىن تەس. لېكىن مانا مۇشۇ ئائىلىلەردە يېڭىدىن پەيدا بولغان ئەزالار يەنى باللار ئادەمنىڭ بۇنداق ئەزاۋىنى يەڭگىللىتىدۇ ياكى پۈتۈنلەي يوق قىلىدۇ. بۇ ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ نۇرغۇن ئادەملەر بۇنى چۈشەنمەيدۇ. دەل مۇشۇ چۈشەنمەسلىك كىشىلەرنى تۇيۇق يولغا باشلايدۇ. يەنە بىر گەپنىمۇ دېمەي بولمايدۇكى ئائىلە قۇرغان ھەرقانداق ئادەم كەڭ قورساق بولمىسىلا ئۆزىنىڭ كۆتكەن نەرسىسىگە ئېرىشەلىگەنلىكىنى ھېس قىلماي قالمايدۇ. بۇ ئادەملەردىكى ئومۇمى ئۆزگىچىلىك بولۇپ ئىنسانىنىڭ ئاچكۆز تەبىئىتى بىلەن ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. بىراق ئادەملەردە يەنە كەڭ قورساقلىق، نەپسىنى كونترول قىلىش تەبىئىتىمۇ بولىدۇ. مانا بۇ ئادەمنى ئۆزىنى چۈشىنىشكە زورلايدىغان ئۇلۇغ كۈچ. ئەگەر ھەرقانداق ئادەمدە بۇنداق كۈچ بولمايدىكەن ئۇ ھامان تاپتىن چىققان ئادەمگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئادەم بۇ كېچىكىش نۇقتىسىنى ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا قوبۇل قىلىش شۇنداقلا بۇ كېچىكىش نۇقتىسىنى يېڭى بىر باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ باشقا بىر خىل مۇھەببەتنى يەنى ئائىلە، بۇرچ، پەرزەنت مۇھەببىتىنى ئائىلىگە ئېلىپ كىرىشى، شۇنداقلا بۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئىشەلمىدىم دەپ قارىغان يەرلىرىنى بۇنىڭ بىلەن تولۇقلىشى كېرەك. قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا ھەرقانداق ئادەم قۇربان بېرىشنىڭمۇ بىر خىل مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش كېرەك. ئەمما يازغۇچى بۇ نۇقتىنى ئاستىن – ئۈستۈن قىلىپ، باشقىلارنى ئۆز كاللىسىدىكى خاھىشىنى چۈشىنىشكە، شۇ ئارقىلىق ئۆزى ياراتقان پېرسوناژلارنىڭ ئەخلاقسىز قىلمىشلىرىنى قوللاشقا ئۈندەپ، ئائىلىۋى تۇرمۇشنى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ۋاللداپ نۇر چېچىپ تۇرغان ئەخلاقنى جىنسى سەزگۈنى ئاساس قىلغان چاكىنا مۇھەببەتنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ تاشلىغان.

ئەسەردىكى يەنە بىر ئازابلىق خاتالىق يازغۇچىنىڭ خەۋلەنىڭ ناشايان ئىشلىرىنى باھانە – سەۋەب بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن زورمۇ – زور توقۇپ چىقىرىلغان مۇختارنىڭ بۇزۇقچىلىقى بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم ئەسەرنى ئوقۇپلا بۇنى ھېس قىلماي قالمايدۇ. يازغۇچى بۇ يەردە خېلى باش قاتۇرۇپ ئۇستىلۇق قىلغان بولسىمۇ كەتكۈزۈپ قويغان. چۈنكى خەۋلە باشتىلا رومانتىك چۈشلەرنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ مۇختاردىن چېنىشقا باشلىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنى ئاساسى سەۋەب دېمىگەن بىلەنمۇ نەدىمۇ بىر كىشى يولدىن چىققان بولسا يەنە بىر كىشىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن يولدىن چىقىدىغان ئىش بولسۇن. ئەگەر بار دېسەك بۇ كىشى ئەزەلدىنلا يولدىن چىقىشقا، بۇزۇلۇشقا تەييار تۇرغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ھەممە كىشىنىڭ ئەركى ئۆزىدە. ئەخلاق بىلەن ئۆلچىنىش دەرىجىسى ئۆزىنىڭ قولىدا. جۈملىدىن خەۋلەمۇ شۇنداق. يازغۇچى ئۇنى مەيلى قانداق باھانە – سەۋەبلەر بىلەن تەمىنلىسۇن ئۇ ھامان باللىرىغا، نىكاھ ئەخلاققا مۇخالىپ ئىش قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنى بىرنەچچە كۈنلۈك ئۆگىنىش جەريانىدىلا ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئۇنىڭ ئېرىدىن ئاجراشمىغان نىكاھلىق ئايال، بىر ئانا تۇرۇپ ئۆزنى يات ئەرنىڭ قوينىغا ئېتىشى، قەلبىنىڭ ئەزەلدىنلا چىرىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەسەردە يازغۇچى يەنە «يالچىن» دېگەن بۇ كىشىنى ناھايىتى سېھىرلىك قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ سېھرى كۈچىنى ئاياللارنىڭ ئىنتىلىش دائىرىسى ئىچىدىكى يىگانە مەبۇت قىلىپ، مۇشۇنداق ئەرلەرلا ئاياللارغا ھەقىقىي ھۇزۇر

بېرەلەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ چالا ئەجنەبىنىڭمۇ ئىلىم ساھەسىدىكى چىرىندى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇ خەۋەلەنىڭ ئۇستازى تۇرۇپ ئۇنىڭ نىكاھ ئائىلە مۇناسىۋىتىنى دەپسەندە قىلىدۇ. چىرايلىق گەپ ۋە پۇرسەتلەر بىلەن خەۋلەنى يولدىن چىقىشقا ئۈندەيدۇ. بىر يېتىشكەن زىيالى تۇرۇپ ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان مىللەتنىڭ مىللى ئەخلاقىغا داغ تەككۈزىدۇ. يىراقتىكى ئىككى نارەسىدىنىڭ سەبى يۈرىكىنى پاسكىنا قولى بىلەن مۇجۇيدۇ. مەن يۇرتۇمدىكى بىر دوستۇمنىڭ چىرايلىق ئايالىنى شارائىتى بار تۇرۇقلۇق، كۆپ قېتىم بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قويغىنىنى ئاڭلاپ ئەپسۇسلانغانىدىم. ئەمدى بىلسەم ئاشۇ بىچارە دوستۇم بىلىم يۇرتلىرىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چىدىنندىلەردىن ھەزەر ئەيلىگەن بولۇشى مۇمكىنكەن. دېمىسىمۇ ھازىر بەزى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئالاھىدە چىرىندىلەر خېلى كۆپ بولۇپ ئۇلار شارائىتى ۋە سالاھىتىدىن پايدىلىنىپ باشقىلارنى ئازدۇرىۋاتىدۇ. مەن يازغۇچىنىڭ «يالچىن» ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چىرىندىلەرنى خەلقى ئالەمگە ئاشكارىلاپ بەرگەنلىكىگە چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئادەمنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك بۇنداق كىشىلەرنىڭ گۈزەل مىللىي ئەخلاق مىزانلىرىنى ئۆزىدىكى شەرت – شارائىتتىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ئاياق ئاستى قىلىۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىمەن.

ئەسەرنىڭ تېخىمۇ كۆلكىلىك يېرى يالچىننىڭ خەۋلەنى ئىزدەپ غۇلجىغا بېرىشى بولۇپ، يازغۇچى بۇنى سەممى – سادىقلىقنىڭ مىسالى قىلىشقا ئۇرۇنغان. لېكىن ئۇ بۇ يەردىمۇ ئەجەللىك خاتالىققا يول قويۇپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمىگەن. چۈنكى يالچىن خەۋلەنىڭ بالىسى، ئېرى بارلىنى بىلىدۇ، ئەكسىچە مۇختارنىڭ خەۋلەگە ئەسكىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، ئاجراشقىنىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئالاقە قىلمىغاچقا بىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمما شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنىلا خەۋلەنى ئىزدەپ كېلىدۇ. ئۇ خەۋلەنى نېمىشقا ئىزدەپ كېلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئائىلىسىنى بۇزۇش ئۈچۈنمۇ؟ بىچارە نارەسىدىلەرنى يېتىم قىلىش ئۈچۈنمۇ؟ بۇنى ئەسەرنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئالدىغا پەرەز قىلالايدۇ. ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانلىرىمىز ۋە مىللىي خاراكتېرىمىز نۇقتىسىدىن قارىغاندا يالچىننىڭ غۇلجىغا خەۋلەنى ئىزدەپ بېرىشى ئۇرۇمچىدىكى بۇزۇقچىلىقلارنىڭ داۋاملىششى، شۇنداقلا جانغا تاقىلىدىغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ چىقىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ يازغۇچى بۇ يەردە بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپ مىللەتنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە ۋە ئەخلاق چەكلىمىلىرىنىڭ كۈچىگە سەل قارىغان. غەربنىڭ كۆزقارىشى ۋە ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان ياۋروپا ئەخلاق مىزانلىرىنى ئەسەرگە سىڭدۈرۈشكە كۈچەپ ئۆزىنى پارىژ ياكى لوندون داچىلىرىدا ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلىۋاتقان فرانسۇز ياكى ئىنگلىز يازغۇچىلىرىغا ئوخشىتىپ قالغان. ئەمما ئۆزى تەلپۈنىۋاتقان ئاشۇ غەرب ئەخلاق كۆزقارىشىنىڭ بارغانچە ئەنئەنىنى سېغىنىشقا مايىل بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئادىمىيلىكتە يوقىتىپ قويغان نەرسىلىرىدىن ئەپسۇسلىنىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھايا ئەخلاقىنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسى ئۈچۈن مۇھىم نەرسە ئىكەنلىكىنى ياخشى تونۇپ يېتىپ ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ياشاش مىزانى قىلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن.

### ***ئاياللارغا زادى قانداق ئەر كېرەك؟***

ئاياللار دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ كۈچ. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى دۇنيانى ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلغان. ئۇلار بولغاچقىلا ئەرلەر ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلالىغان شۇنداقلا ئاياللار ئىنسان روھىنىڭ ئەڭ ساپ تۈزىنى ساقلاپ قالغۇچىلار، يەنى ھاياتلىقنى بىر – بىرىگە ئۇلاپ بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى تونۇتقۇچىلار. دۇنيادا ئاياللار بولغاچقىلا ئەرلەر كىيىم كىيىپ ياۋايىلىقىنى تاشلىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئەركەكلىكىنى ھېس قىلىپ، ئەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ھەم ئۆزىنى قەدىرلەشنى ئۆگەنگەن. مانا بۇ ئادەم دەپ ئاتالغاندىن كېيىنكى ئۇزاق دەۋرلەردىن بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھەقىقەت.

ھازىر بىز 21 – ئەسىردە يەنى يۈكسەك مەدەنىيەتلىك دەۋردە ياشاۋاتىمىز. تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز، ياشاش قانۇنىيىتىمىز ئىجتىمائىيلاشقان، چۈشىنىش، بىلىش ئىقتىدارىمىز ۋە شەيئىلەرگە بولغان سەزگۈمىزدە زور بۇرۇلۇش بولغان، تۇرمۇش رىتىمىمىز تېزلىشىپ كەتكەن ھالدا ياشاۋاتىمىز. بۇ دەۋر ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردىن مۇتلەق ئۆزگىچىلىكلىشىپ كەتكەن بولۇپ مەيلى ئادەم بولسۇن مەيلى باشقا شەيئىلەر بولسۇن بۈگۈنكى كۈندە ھامان رىقابەت ئېڭىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. رىقابەت ئېڭى جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ھۈجەيرىلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەنلىكى، ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا يوقۇلۇش بىلەن پەيدا بولۇش، پۈت دەسسەپ تۇرۇش بىلەن جان تالىشىش تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. كىم ياكى قانداق شەيئى مۇھىتقا ماسلىشالمىسا شۇ

هالاك بولىدۇ. ئەكسىچە مۇھىتقا ماسلاشقىنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ساقلايدۇ ياكى تەرەققىي قىلىپ كۈچىيىدۇ. بۇ پۈتۈن بىر دۆلەتكىمۇ، پۈتۈن بىر مىللەتكىمۇ، شۇ دۆلەت، شۇ مىللەت كاتوگورىيىسىدىكى ھەربىر شەخسكىمۇ ئوخشاش يۈكلەنگەن تەبىئىي ھادىسە. بىر دۆلەتنىڭ ياكى بىر مىللەتنىڭ شۇ دۆلەت، شۇ مىللەتنى تەشكىل قىلغان پۇقرالىرى ئاجىزلىشىپ رىقابەت، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئېڭى سۇسلاشسا شۇ دۆلەت، شۇ مىللەت خاراپلىششقا قاراپ يۈزلىنىدۇ ياكى يوقايدۇ.
بۇرۇنقى زامانلاردا يەنى ئات ئۈستى مەدەنىيىتى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇرلار تۇرلۇك پائالىيەتلەر ۋە چۈشىنىش، بىلىش ئىقتىدارى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايەن قىلىپ، ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ كەلگەن ئىدى. مانا مۇشۇ چاغدىكى ئەرلەر ئات چاپتۇرۇپ جەڭ قىلىپ، ئەل يۇرتنى قوغدىغان. شۇ چاغدىكى ئاياللارمۇ ئاشۇ چەۋەندازلارنى، دۈشمەن قىلىچىدا يارىلىنىپ يۈز – كۆزى تاتۇق بولۇپ كەتكەن باھادىرلارنى قۇچاقلاپ سۆيگەن. بارلىق مېھىر – مۇھەببىتىنى ئۇلارغا بېغىشلاپ، ئۇلارنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشقان. ئاياللىڭ مېھرىگە ئېرىشكەن ئەر، ئەرنىڭ قوغدىشىدا خاتىرجەم بولغان ئاياللار مۇستەھكەم قورغان ھاسىل قىلىپ دۈشمەننىڭ ئاغزى بۇرنىنى قان قىلغانتى. لېكىن بۇلار ھازىر ئاللىقاچان تارىختا ئايلىنىپ كەتتى. ھازىرقى ئادەملەر يۈكسەك ھالدىكى ئىجتىمائىيلاشقان جەمئىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچراپ، ئىلگىرىكى ئەجداتلاردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ كەتتى. شۇنداقلا ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرىۋالغان بىپەرۋالىقى، مەسئۇلىيەتسىزلىكى بىلەن بۇرۇنقىلار قالدۇرۇپ كەتكەن ياخشى ئەنئەنىلەردىن ئۆزلىرىنى قاچۇردى. قىلىن كىتابلارنىڭ بەتلىرىدە ھازىرقى ئەۋلادلىرىغا مەسخىرىلىك قاراپ ياتقان ئاشۇ كىشىلەرگە نىسبەتەن، ئۆزىنىڭ زادى ئۇنداق ئەجداتلىرى بولۇپ باقمىغاندەك مۇئامىلە قىلىپ، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرى ئارىسىدا قىمىرلىشىپ يۈرۈۋەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەۋلادلارنىڭ يېڭى خىرىستلار ئالدىدا تەپەككۇر نىشانى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئېتىقاد سۇسلىشىپ، مۇقەددەس ئەقىدە روپالارنىڭ كۈرسى چۈشۈپ، مەۋجۇدلۇقنىڭ ئاساسى بولغان بۈيۈك مېھىر – مۇھەببەتنىڭ باھاسى ئەرزانلاپ كەتتى.
يازغۇچى مۇھەممەت سالى مەتروزى «ياشاپباقە بەرنە» دېگەن ئەسىرىدە بىر ئائىلىنىڭ ئەقىدە تىراگېدىيىسى ئارقىلىق كىشىلەرنى مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىشقا دەۋەت قىلغان. دېمىسىمۇ بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە. ھەتتا قاتتىق ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىش. بۇ ئەسەردىكى ۋەقەلەر توقۇلما بولسىمۇ لېكىن رېئال تۇرمۇشقا ناھايىتىمۇ يېقىن يەنە كېلىپ ئەتراپىمىزدا ياز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ئۆز ئەينى ئوخشايدۇ. ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان يېرى مۇشۇ بولسا كېرەك. مەن ئەسەردىكى بارلىق پېرسوناژلارنى يەنە بەرنا، قۇددۇس، كاتىپ ئايال ۋە ھېلىقى كۆڭۈل ئوغرىسى، ھەتتا كەچلىك بەزمىخانىلاردىكى قىز – يىگىتلەرنىمۇ تونۇيدىغاندەكلا ياكى ئۇلارنى قەيەرلەردىدۇر كۆرگەندەكلا قىلاتتىم. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە خېلىدىن بېرى باش قاتۇرۇپمۇ يۈرگەنتىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ماڭا ئەڭ تونۇشى يەنىلا بەرنا بىلەن قۇددۇس ئىدى.

مەن بىلىدىغان رېئاللىقتىكى بەرنا ھەقىقەتەنمۇ يولدىن چىققان ئايال. ئۇنىڭ بىر ئوبدان ئائىلىسى ۋە ئېرى بار ئىدى. ئۇ ئاشۇ ئېرىگە ئاشىق بولۇپ تەككەن، ئەمما ئۆي تۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي «بۇ كىتاب خالتىسى ئادەمنى زېرىكتۈرۈپ قويىدىكەن» دەپ ئۆزىدىن چوڭ بىر كاززاپ بىلەن يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ يۈردى. ئەسەردىكى قۇددۇسمۇ مېنىڭ رېئاللىقتىكى يېقىن تونۇشۇم. ئۇ مۇشۇ زاماندىكى ئىقتىدارلىق، تىرىشچان بىر زىيالى. ئۇ تۇرمۇشنى چوڭقۇر سۆيىدۇ. بىراق خىزمەت بېسىمى، رىقابەت ئېڭى، كۈندىن كۈنگە مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن ئالدىراشلا ئۆتىدۇ. ياشاش، ياشىغاندىمۇ باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالماي ياشاش ئائىلىسىنى يەنى ھېلىقى ۋاپاسىز بەرنانى كەلگۈسىدە تېخىمۇ ئوبدانراق كۈنگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنى كۈچەيتىش مەۋجۇدلۇقنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق ئىزدىنىدۇ. بىراق بەرنا ئۇنى زادىلا چۈشەنمەيدۇ، ئېرىنىڭ ئالدىراشلىقىنى ئويلاشنى زادىلا خالىمايدۇ. ئۆزى قۇرغان ئائىلىگە، ئۆزى خالاپ توي قىلغان ئېرىگە ئاسىيلىق قىلىدۇ. نەتىجىدە قۇددۇس بۇنى سېزىپ قېلىپ قاتتىق غەزەبلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مىللىي خاراكتېر ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىدۇ – دە چوڭ ئىش تىرىغلى تاس قالىدۇ. ئەگەر باشقىلار توسۇۋالمىغان بولسا، جەمئىيەت يارامىلىق بىر زىيالىيسىدىن ئايرىلىپ قالغىلى قىل قالىدۇ. بەرنا بولسا ھازىرغىچە خىلۋەتلەردە مۆكۈنۈپ يۈرىۋاتىدۇ. يازغۇچى ئەسەرنى تاماملاشقا ئالدىرىدىمۇ ياكى باشقا ئىشنى ئويلىدىمۇ بۇ يەرلەرنى يازماپتۇ. رېئاللىقتىكى ھېلىقى كۆڭۈل ئوغرىسىمۇ يەنى ئاتالمىش خىزمەتنىمۇ ئويۇن تاماشىنىمۇ ئۆز يولىدا ئېلىپ ماڭالايدىغان، جەلپكار ھەققىي ئەرمۇ كېيىن كۆرگۈلۈكنى كۆردى. ئۇنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ

قىلىپ «سەن ئاپامغا ۋە بىزگە يۈز كېلەلمەيسەن» دەپ ئۆز دادىسىنى بىر شاپىلاق ساپتۇ. ئەمدىلا توي قىلغان قىزى بولسا «دادا ئەگەر سىنىڭ قىلغىنىڭ توغرا بولىدىغان بولسا مەنمۇ سەن دىمەتلىك بىرىنى ئاشنا تۇرۇپ ئۆينىسام بولغىدەك» دەپتۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى يازغۇچى بۇ يەرلەرنىمۇ يازماپتۇ. يازغۇچى يازمىغان يەنە بىر يەر ھېلىقى كاززاپ، خوتۇن، بالا – چاقىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بەرنانىڭ ئازدۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ تورۇقىغا چۈشۈپ خاتالاشقانلىقىنى تىزلىنىپ تۇرۇپ ئېيتىپ ئاران دېگەندە ئۆيىگە كىرىۋاپتۇ. بەرناغا يەتتە ئايغىچە قەرەللىك ھالدا گۈل سوۋغا قىلغىنىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويماپتۇ. بىچارە بەرنا ھازىرغىچە بۇزۇق دېگەن قالپاقنى ياراشتۇرۇپ كىيىپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇ مۇھەببەتنى بۆلگىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئاياللارنىڭ شەرمەندە بولۇشى ئەرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىنمۇ يامان ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندىمۇ بۇنىسى ئېنىق ئەمەس.

ئەسەردە يەنە مەن تونۇيدىغان بەزمىخانىدىكى ھېلىقى قىزلار بار. قايسىدۇر بىر غەرىبلىك مەشھۇر زات «لاغايلاپ تۇرگەن قىز ياخشى قىز ئەمەس» دېگەنىكەن. لېكىن مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يامان دېمەيمەن. بىراق بىزدە مۇشۇنداق ئۆيەر – بۇ يەردە لاغايلاپ يۈرىدىغان قىزلار كۆپ. مەن ئۇلار قانداق توي قىلىپ، ئۆي تۇتار دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم يازغۇچى ئەسقەر ياسىن ئۆزىنىڭ قىزلىق پەردىسى ھەققىدە يازغان ئەسرىدە ماڭا بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. ئەمدىكى ئەنسىرىشىم مۇشۇ قىزلار پەرزەنتلىك بولۇپ قالسا پەرزەنتلىرىنى قانداق تەربىيلەيدىغاندۇ دېگەندە قالدى. چۈنكى ئاياللار ئائىلىگىلا ئەمەس مىللەتكىمۇ تەۋە. بەزمىخانىلاردا رومانتىك چۈشلەرنى كۆرۈپ يۈرگەن ئاشۇ قىزلار بىر كۈنلەردە ئانا بولۇپ ئاندىن ئۇيغۇر تۇغۇشى مۇمكىن. تۇغۇلغان بۇ يېڭى ئۇيغۇرلار كۆپ ۋاقتنى رومانتىك چۈنلەر قاينىمدا ئۆتكۈزگەن ئاشۇ ئانىلارنىڭ تەربىيسىدە بولۇشى ئېنىق. شۇنداق بولغاندا ئۇلار كەلگۈسىدە قانداقراق ئادەم بولار؟ تۇغۇلۇشىدا ئۇيغۇر ئەمما چوڭ بولغاندا غەربلىك بولۇپ قالارمۇ؟ ياكى ئانىسىدەك يا غەربلىككە يا ئۇيغۇرغا ئوخشىمايدىغان، نادان، شالغۇت تائىپلاردىن بولۇپ چىقارمۇ؟

ئەمدى ئەسەرنىڭ ئۆزىگە كەلسەك بۇ ياخشى يېزىلغان ئەسەر. ئۇ ھەتتا يازغۇچىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئەسرى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى يازغۇچى مەيلى ئەسەرنىڭ تىلى بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي قىممىتىدە بولسۇن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكەن. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئەسەرنى ئۇرۇمچىنىڭ نىپىز پەردىلىك دېرىزىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئادەم بۇ دېرىزىدىن قارىغاندا ھازىرقى ئۇرۇمچىنىڭ نىپىز پەردە ئارقىسىدىكى قىپيالىڭاچ ھالىتىنى كۆرەلەيدۇ. يازغۇچى مانا مۇشۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن قاراپ، ئاشۇ نىپىز پەردىنى قايرىۋەتمىگەن ھالدا ئوقۇرمەنلەرگە ئىستېتىك زوق ۋە پىكىر قىلىش پۇرستى بېرىپ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغان. ئەسەردە ھېچقانداق دەبدەبىلىك سۆزلەر ۋە ئادەم تەبىئىتىدىن ھالقىغان ھاياجانلىنىشلار يوق. ئۇنىڭدىكى ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى نەتىجە باسقۇچىغا ئىنتايىنى تەبىي ھالدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئوقۇرمەننى خۇددى بۇ ئەسەر بەلن زىچ باغلىنىشى شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەسەردىكى پېرسوناژلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى باردەك ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان تۇرمۇش ئادەتلىرىمىز، زامان رەپتارىغا تازا ماسلاشمايۋاتقان پسىخىك روھىي ھالەتلىرىمىزنى ئېغىر – بېسىقلىق بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ، زور بىرقىسىم شەھەر كىشىلىرىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى، گاڭگىراش ھالىتىدە كېتىۋاتقان تۇرمۇش رىتىمىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دەۋرەپ كېلىۋاتقان سىرتقى مەدەنىيەت ئېقىمى ئالدىدىكى مىللىي مەدەنىيەت قورغىنىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقان بۇرجەكلىرىنى، چېچىلىپ ياتقان خىش پارچىلىرىدەك ئاڭ سىستېمىمىزنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنى نېمىنى قوبۇل قىلىش بىلەن نېمىگە قارشى تۇرۇش ئۈستىدە ئويلىنىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، شۇنداقلا مەلۇم مىقداردا قوبۇل قىلىش تەرىپىدە بولۇپ، سەگەكلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى مۇراجەت قىلىدۇ. قۇددۇس ئوبرازىنىڭ روھىي ھالىتى ئارقىلىق، ئۇيغۇر كىشىلىرىنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى دىلغۇللۇقى، ئامالسىزلىق ئىچىدىكى بىقارارلىقنى سۈرەتلەپ، زامانىۋى مۇھىتنىڭ مىللىي خاراكتېرىمىزگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدۇ. بۇ ئاساسەن قۇددۇسنىڭ ئۆز ئايالىنىڭ باشقا بىر ئەر بىلەن چېكىدىن ئاشقان مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ دەررۇ ئىنكاس قايتۇرمىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. يازغۇچى يەنە بۇ يەردە قۇددۇسنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىنى ئاز – تولا ئىجابى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەپ، بىزنىڭ كىشىلىرىمىزدىمۇ بىخلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ئەقلىنى ئالدىغا، ھېسسىياتىنى ئارقىغا قويۇپ، پىكىر قىلىش ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما بۇ غۇرۇر دەپسەندە قىلىنىۋاتقان چاغدىكى ئېغىر ھالەتتە يەنىلا ئېتىۋارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنداقلا دەررۇ ئىنكاس قايتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشقا سۈكۈت قىلىش بىلەن سۈكۈت قىلماسلىقنىڭ نەتىجىسىنىڭ ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى، بۇنداق چاغدا ئەڭ ياخشىسى ئۆز يولىدا ئىنكاس

قايتۇرۇشنىڭ ئادەم قىممىتىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئوقۇرمەنلەرگە ئىنسان غۇرۇرىنىڭ چەكسىز قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى مۇراجەت قىلىدۇ.

بۇ ئەسەر توغرىسىدا يەنە شۇنداق گەپلەرنىمۇ دېمەي بولمايدىكى، مەزكۇر ئەسەر ھەرگىزمۇ بەزى كىشىلەر داۋراڭ قىلىپ يۈرگەن، ئاياللارنىڭ مەسئۇلىيەتسىز ئەرلىرى ئۈستىدىن قىلغان ئىسيانى، يۈرەك سۆزى ياكى ئاشۇ بىپەرۋا ئەرلىرىنى جازالىغىنىمۇ ئەمەس «رىئاللىققا ئايلانغان چۈش» پوۋېستىدىكىدەك غەربچە ياشاشنىڭ لەززىتىنى كۆككە كۆتۈرگەنلىكىمۇ ئەمەس، بۇ يەردىكى گەپ دەز كەتكەن مىللىي ئەخلاق، ئەقىدە تراگېدىيىسى، شۇنداقلا بىر – بىرى بىلەن قىلچە سىغىشالمايدىغان مىللىي ئەخلاق ئەندىزىسى بىلەن غەرب ئەيشى – ئىشرىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىنلا ئىبارەت.
ئەگەر بىز ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ بىپەرۋالىقى تۈپەيلىدىن ئاياللارنىڭ جازاسىغا ئۇچرىشى ھەقلىق دەپ قارىساق، ئۇ چاغدا ئادەملەرنىڭ ياشاش قانۇنىيىتىنى باشقىچە چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى نۇرغۇن ئەرلەردىكى بۇ بىپەرۋالىقنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى بولغان بولىدۇ. مەسىلەن: ئەسەردىكى قۇددۇس قەستەن ياكى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن بىپەرۋالىق قىلغان ئەمەس. خىزمەت، ئۆگىنىش، ئۆزىنى كۆچەيتىش يولىدىكى ئالدىراشلىقى شۇنداقلا بەرنانىڭ ئەخلاقىدىن گۇمان قىلمىغانلىقى، ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلىكى تۈپەيلىدىن بىپەرۋالىق قىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇنى ھەرگىزمۇ سەۋەنلىك دېيىشكە بولمايدۇ. ئەگەر رېئاللىقتىكى بەزى شاللاق ئاياللار، ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى – ھەۋەسى ئۈچۈن باھانە – سەۋەب ئىزدەيدىغان بولسا، ئەسەردىكى بەرنانىڭ توقۇپ چىققان سەۋەبىدىن نەچچە ھەسسە قايىل قىلارلىق سەۋەبنى توقۇپ چىقىپ، ئۇنى بەرنانىڭ چۈشەندۈرۈشىدىنمۇ نەچچە ھەسسە پاساھەتلىك تىللار بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولىۋاتىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم شەھەرنىڭ مەلۇم رايونىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەرلەر چۆل – باياۋانلاردا خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت جاڭگاللىرىدا ھەر كۈنى ئون سائەتلەپ ئېغىر ئەمگەك قىلىدۇ. قىشنىڭ دەھشەتلىك سوغۇقلىرىدا، يازنىڭ قىرىق گرادۇسلۇق ئىسسىقلىرىدا كېچە – كۈندۈز دېمەي مېھنەت قىلىدۇ. ئايلاپ – ئايلاپ ئۆيلىرىگە قايتالمايدۇ. ئۇلار يازنىڭ راھەتگە قىشتىكى ئىللىق ئائىلە مېھرىگە ناھايىتى ئاز ئېرىشىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ياراتقان بايلىقىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلىرىمىز بولغاچقىلا بىزنىڭ زور بىرقىسىم نوپۇسىمىزنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتلەندۈرۈلگەن. ئوتتۇرا باشلانغۇچ ۋە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىكى تۈمەنلىگەن بىلىم تەشنالىرىنىڭ ماددىي ئاساسى ئىشەنچكە ئېرىشكەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر مۇنچە كەسپىي خادىملار، سانائەت ساھەسىدىكى ئىقتىساسلىق ئاۋانگارتلار يېتىشىپ چىقىپ بىزدىكى يارامىلىق ئادەم كام بولۇشتەك بوشلۇقنى تولۇقلىغان. بىراق ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغىنى دەل مۇشۇ رايوندا بەزى (ئەلۋەتتە ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ.) ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، باشقا ئەرلەر بىلەن غەربچە رومانتىك ياشاشنى ئادەت قىلىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن چۆللەردە جان تىكىپ ئىگىلىك تىكلەۋاتقان ئاشۇ ئەزىمەتلەرنىڭ دىققىتى چېچىلىپ تۇرمۇشقا، ھاياتقا بىزارلىق، بىپەرۋالىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغان. بەزىلىرى ئائىلىسىدىن ۋاز كېچىپ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن. بىراق ھېلىقى ئاياللار بولسا باشقىلىرىغا ئەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئىللىقلىق يەتكۈزەلمىگەنلىكىدىن، ئۆزلىرى بىلەن داۋاملىق بىللە تۇرۇپ ھايات پەيزىنى سۈرمىگەنلىكىدىن دات ئېيتىپ بەرگەن ئەرلىرىنىڭ نېمە مەقسەتتە، نېمە ئۈچۈن ئاشۇ ئادەم ئايىقى باسمىغان باياۋانلاردا تەر تۆكۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ تىلغا ئالمىغان. ئۇلارنى داۋاملىق ئاياللىرىغا ھەمرا بولۇشى، ئاياللىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشى كېرەك دەپ قارىساق، ئاشۇ بايلىقنى كىم يارىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى كىم ئىگىلەيدۇ؟
بىز ئەمدى بۇ ھەقتە جىق گەپ قىلالمايمىز. پەقەت ئۆز كىشىلىرىمىزنىڭ ئىنساۋىغا دۇئالا قىلالايمىز. ھەم «ئېھ ئاياللار جامائەسى، ئۆزۈڭلارنى ئاياڭلار! ئەرلىرىڭلار زەئىپلىشىپ كەتمىدى، ئۇلار رەھىمسىز رىقابەت قاينىمىدا يول ئىزدەۋاتىدۇ، ئاز – تولا بەدەل تۆلىسەڭلارمۇ ئۇلارنىڭ دەردىنى چۈشىنىپ قويۇڭلار!»لا دېيەلەيمىز.

## ئاياللىق نازاكەت ۋە مەسئۇلىيەت

ئابلەت ناسىر

ئايال ـ «ئايالغۇچىدۇر». ئۇ ساپالىق، غۇرۇرلۇق، مىللەتتىكى قەدىرلەش سىمفونىيىسى، مەدەنىيەتلىك مىللەتتىكى يۈكسەكلىكنىڭ پارلىشىدۇر. ھېكمەت دۇردانىلىرىنى ئىزدەپ يۈرۈپ« ...سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار ئاياللىرىڭلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىنىڭلاردۇر»دېگەندىن ئىبارەت ئىسىل سۆزنى ئۇچراتمىدىم .ئايال ئەمەلىيەتتە مىللەت شۆھرىتىنىڭ، ئەركەك غورۇرىنىڭ گۈلزارى بولۇپ، ئىپپەتلىك، شەرمى ـ ھايالىق، پازىل ئايال، ئەرنى بەخت بۇلىقىدىن سۇ ئىچكىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ. غالىب مىللەتنىڭ كەلگۈسى شۇ مىللەتتىكى قىز ـ ئاياللارنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە، بىلىم ساپاسىدا، ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ. ئايال مېھنىتىدىن يارامىلىق، سەرخىل پەرزەنت يېتىشىپ چىقىدۇ.

ئەپسۇس،مانا مۇشۇنداق كاتتا ساھىبلار ئارىسىدىكى ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بۈگۈنكى رىئاللىقى ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ.

يۈرۈش ـ تۇرۇشلاردىكى چېكىدىن ئاشقان ياتلىشىش، يېرىم يالىڭاچلىق، چاكىنىلىق بىزنىڭ ئىززەت ـ غورۇرىمىزنى دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ. بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە يېرىم يالىڭاچلىق، ھەرەڭ ـ سەرەڭ كىيىنىشلەر، قىرقىما باشلار«گۈزەل»لەردىن سانىلىپ سۈمبۈل چاچلىق، ھايا بەلگىسى بولمىش باشياغلىق بىلەن ئورالغانلار قالاقلىقنىڭ، مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ تىپى سانىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ھەقىقى ئەرنىڭ خالايدىغىنى، چىچىنى بۇلىشىغا ياساپ، قېلىن بىر قات پەردازغا يۇشۇرۇنىۋالغان قونچاق ئايال ئەمەس، بەلكى ئۆز تەبىئىلىكىگە ئارتۇقچە ھەشەم قىلمىغان بىغۇبار ئايالدۇر .ئەرلەر ھەرگىزمۇ ئاياللارنىڭ نەچچە مىڭ سوملۇق قىممەت كىيىملەرنى كىيىشىدىن، قايسى داڭلىق پەردازخانىدا پەردازلىنىشىدىن،« قاتار چاي »لىرىدا باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرۋەتكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئىشتىن بوشاپ كەلگەندە ئۇچۇق چىراي قارشى ئالىدىغان، بىر پىيالە قىزىق چاي قۇيىدىغان، پەرزەنتىگە ياخشى ئانا بولالايدىغان ۋاقىتلىرىدىن بەكرەك خۇرسەن بولىدۇ، پەخىرلىنىدۇ. خىيالىمدىكى ئالۋاستىنىڭ سىمايىسىمۇ كىندىكىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرىدىغان، چاچلىرىنى تۆگىنىڭ لوكسىدەك پاخپايتىپ يۈرگەن خۇتۇنلاردەك سەت، كۆرۈمسىز ئەمەس.

ئايرىم جايلاردىكى ھەشەمەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق بەسلىششلەر بارغانسىرى ئەۋج ئىلىپ، ئىقتىساد بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلىندى. ئائىلىنىڭ يۈكى ئېغىرلىدى. ئائىلىدىكى بىھۇدە خىراجەت جىدىلى ئەرلەرنىڭ ئائىلىسىدىن رايىنى قايتۇرۇۋەتتى. ھەتتا شۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن ئىناق ئائىلىلەر ۋەيران بولدى. سەت ئىش، يامان قىلىق ھىسابلىنىدىغان ھاراق ـ شاراپ ئىچىش، تاماكا چېكىش، بەزى ئەرلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئەمەلىيەتتە، ئەرلەر نۇرغۇن ئىقتىساد سەرپ قىلىپ ئېرىشەلمىگەن راھەتلەرنى، نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ ئېرىشەلمىگەن بەخت لەززىتىنى دۇرۇس ئايال ئەرگە ئىلتىپات قىلىدۇ. تۆجۈپلىك ئايال ئۆز پاراسەت، پەمى بىلەن پۈتۈن ئائىلىنى خۇشاللىققا مۇۋاپپىق قىلىدۇ. ئەرنى ھالالدىن رىزىق تېپىشقا رىغبەرتلەندۈرىدۇ. بىھۇدە خىراجەت جىدىلى قىلمايدۇ. ئەرنىڭ ھەسرەتلىك چاغدىكى مۇڭدىشى، كۆڭلىنى كۆتۈرگۈچى بولىدۇ.

تارىخىمىزدا ئىسىل ئۆرنەكلەر بار: نۇزۇگۇم ئاچ قالسا قومۇش يىلتىزى يېگەن، ئاسماننى يېپىنچا قىلغانۇ، ياتلارغا زورى بىلەن خوتۇن بولۇشنى راۋا كۆرمىگەن. مىللەتكە ئانا بولغۇچى قىزلىرىمىزنىڭ مىللى ئېتىقاد، مىللى مەدەنىيەت قىلمىشلىرى مىللەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگۈچى ھەربىر كىشى، مەيلى ئۇ ئەر ياكى ئايال بولسۇن، تولىمۇ ئازاپلايدۇ.

ئايالنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىپپىتى، ھاياسى ۋە ئەخلاقى بىلەن بولىدۇ .ھايالىق، تەقۋادار ئايال ئەرنىڭ مۇھەببىتى، كۆيۈنىشىگە ئېرىشىدۇ.

ھۆرمىتى، ساداقىتى ئارقىلىق ئەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ. ئەرنى ھۆرمەتلەش، چوڭ ـ كىچىك ئىشلاردا ئەرنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش قانداقتۇر ئايالنى پەس كۆرگەنلىك، كەمسىتكەنلىك ياكى سالاھىتىنى چۈشۈرگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئايال كىشى شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋاپادارلىقىنى ئىپادە قىلىدۇ. ئەرنىڭ ئۆزىگە بولغان مېھرىنى، مۇھەببىتىنى كۈچەيتىدۇ. چىرىلىق ئايال ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئەرنىڭ كۆڭلىنى بىر مەزگىللا ئالالىغان بىلەن، ئىپپەتلىك ئايال ھايا ـ نۇمۇس ئارقىلىق ئەرنىڭ قەلب كۆزىدە بىر ئۆمۈر تۇرالايدۇ. ئۇ ئۆمۈرلۈك ئىززەت، ھۆرمەت ساھىبىدۇر. بىھايا ئايالدىن ئەرنىڭ مېھرى ئاسانلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. خىجىللىقتىن ئايالنىڭ مەڭزىگە يۈگۈرگەن قىزىللىق ئەرنىڭ قەلبىگە، مۇھەببىتىگە ئەڭ تېز ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ.

بەزى ئاياللار« بىزمۇ خىزمەت ئىشى قىلىپ ھېرىپ كەتتۇق ۋاقتىمىز قىس...»دەپ ئاخشاملىرى باللىرىغا مەسەل، چۆچەك ئېيتىپ بەرمەس بولۇشتى. ھەيرانمەن يەنە شۇنداق ئاياللار تون كېچىلەردە« قاتار چاي»لىرىدىن كېلەلمەي يۈردى» .تارىنىشقا جىق ۋاقىت كېتىدىكەن، بىئەپكەن....»دەپ ئۇزۇن چاچلىرىنى

كىسۋەتتى! ھەيرانمەن يەنە ئاشۇ پەردازخانىلاردا ئۆچرەت ساقلاپ چاچلىرىنى ياستىپ يۈرۈشتى. باللىرىغا بىرەر چۆچەك كىتاب ئېلىپ بېرىشقا كۆزى قىيمايدۇ يۇ، كوچىلاردا تاراسلىتىپ سېغىز چايناپ يۈرۈشتى.. تەربىيە كۆرگەن ئايال بىر ئائىلىنى بەختلىك قىلىدۇ. دۆرۈس ئايال ئۆزىنى بۇزۇق، چەكتىن ئاشقان قىلمىشلاردىن خالى تۇتىدۇ. بۇيرىغانىنى قىلىدۇ، توسقاندىن چەكلىنىدۇ.
بالا ئائىلىگە قويۇلغان بىر ئامەتكى، ئۇ ئەڭ ئاۋال ئايال( ئانا) دىن ئىبارەت مېھرىبان ئۇستازنىڭ پەپىلىشىگە، تەربىيىلىنىشىگە مۇھتاج.
ئائىلىدە تەربىيىسىز قالغان بالىلار تىزگىنسىز يۈرىدىغان بۇلۇپ قالىدۇ. ئۇلاردا ئاتا ـ ئانىغا بولغان ھۆرمەت سۇسلاپ كىتىدۇ. ئانىغا بولغان ھۆرمەت ئانىدىن ھېيقىش تۇيغۇسى ئاجىز كىلىدۇ .ھايالىق، ئىتقادلىق ئايالدىن ئەخلاقلىق، بىلىملىك، ئىسىل پەزىلەتلىك، پەرزەنت يىتىشىپ چىقىدۇ. بۇ خىل ئايالار دۇنيادا راھەت ـ رەھمەتلەرگە مۇيەسسەر بۇلىدۇ .ئايالنى پەقەتلا «كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى، ئائىلە خىزمەتكارى »دەپ بىلىدىغان ئەرلەر، شۇنداقلا ئايالىلىق مەسئۇلىيەتنى« تۇغۇش، كىر ـ قات يۇيۇش، تاماق ئېتىش »دەپ بىلىدىغان نادان،تەنتەك ئايالار ـ ئازغۇنلار. خاس، بىر پەزىلەتلىك ئايالغا ئېرىشىش ئەر ئۈچۈن كاتتا نىممەت، زور بەختتۇر.
قىسقىسى، بىز ( مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ( ئەجداد ئەنئەنىسى، ئۆزىمىزنىڭ بۇرچ ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز، پەرزەنتلىرىمىزگە مىللى ئەنئەنە ۋە مىللى مەدەنىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا سەل قارىماسلىقىمىز، ئەۋلادلارنى ئەجدادلارنىڭ ئىسىل خارەكتىرى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، پىكىر ـ ھسلىرىنى نامايەن قىلىپ تەربىيىلىشىمىز لازىم!

مەنبە : ئۇكيان تورى

## ئاننىڭ 10 چوڭ ئارتۇقچىلىقى

1، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلار بىلەن كۆز ئۇچرىشىشى قىلىدۇ. داۋاملىق ئۇخلايدىغان بوۋاقلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئوچۇق ھالدا تۇرۇشلىرىمۇ بۇ ئاننىڭ كۆزىدىن قىچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

2، بوۋاقلىرى بىلەن بوۋاق تىلى ئارقىلىق ئەمەس بەلكى رەسمىي ئاندەك پاراڭلىشىدۇ.

3، بوۋاقلىرىنى ئەڭ ئاز دىگەندە ئالتە ئاي ئېمىتىدۇ. ئانا سۈتىنىڭ پايدىلىرى بىلەن بىرگە بالىنى ئانا سۈتى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت داۋام قىلسا ئۇ دەرىجىدە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە بوۋاقلار بىلەن كۆز ئۇچرىشىشى قىلىدۇ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىش، غىڭشىپ ناخشا ياكى غەزەل ئوقۇپ بېرىشكە سەل قارىمايدۇ.

4، بوۋاقلىرىنى ئەينەككە قارىتىپ بوۋاقلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى كۆرۈشىگە ياردەمدە بولىدۇ. ئۇنى ئويىنىتىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كۈلىدۇ.

5، بوۋاقلىرىنى ئېلىپ سەيلىگە چىقىدۇ، كۆرگەن نەرسىلەرنى، ئاڭلىغان نەرسىلەرنى بوۋاققا سۆزلەپ بېرىدۇ.

6، بوۋاقلىرىغا ناخشا، غەزەللەرنى ئوقۇپ بېرىدۇ. بۇ غەزەللەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرى قۇراشتۇرۇۋالغان، توقۇۋالغان بالىسىغا بولغان ياخشى كۆرۈش مەزمۇنىدىكى غەزەللەر بولىدۇ.

7. بوۋاقلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىدۇ. رەسىملەرنى كۆرسىتىدۇ، ھەممە نەرسىنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرىدۇ.

8. ئۆيلىرىنىڭ قالايمىقان بولۇپ كېتىشىگە پەرۋا قىلمايدۇ. بوۋاقلارنىڭ ئۆيلەرنى قالايمىقان قىلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ.

9. بوۋاقلارنىڭ يەيدىغان نەرسىلەرنى تۇتىشىغا، ئۆزىنىڭ يەيدىغانلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يېيىشىگە روخسەت قىلىدۇ.

10. بوۋاقلارغا دائىم"بولمىدى، قىلالمايسەن "دېگەندەك بولمىغۇر سۆزلىكلىرىنى ئىشلەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ يەردە مۇھىم بولغىنى قىلالىشى ياكى قىلالماسلىق بولماستىن بەلكى قىلىشقا تىرىشقانلىقىدۇر.

مورال دۇنياسى ژورنىلى 2010. 1، ساندىن تەرجىمە قىلىندى.

# ئاياللار ۋە ئىپپەت

ئاياللارغا نىسبەتەن ئەڭ گۈزەل ۋە قەدىرلىك بىزەك ئىپپىتىنى ساقلاش، ئايال دىمەك – پاكلىق دىمەكتۇر، ئايال دىمەك – گۈزەللىك دىمەكتۇر، ئايال بولغاچقا ھاياتتا ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ رەڭدار سەھىپىلەر ئاپرىدە بولغان.

بىر ئاياللىق سۆپىتىدە جىمكى مېھرىبانلىقنىڭ، پاكلىقنىڭ مۇجەسسەمى، ئىنسان سۆپىتىدە ھاياتلىق ئالىمىدىكى نەپىسلىك ۋە جىلۋىدارلىقنىڭ سىمۋولى، ئانا سۆپىتىدە ئىنسان ئەۋلادىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئاپرىدىگاھى ۋە پەرۋىشكارىدۇر.

تەھقىقكى، پەزىلەتلىك قىزلاردىن پەزىلەتلىك ئانىلار يېتىشىپ چىقىدۇ. تارىختا نەزەر سالىدىغان بولساق، بارلىق قەھرىمانلارنى، جىمكى سەلتەنەت ساھىپقىرانلىرىنى، دۇنياغا مەشھۇر ئالىم ۋە ئۇستىدات ئىگىلىرىنى ئەنە شۇنداق قەلبى يۈكسەك مەسئۇلىيەت ۋە بۇرۇچ تۇيغۇسى بىلەن تويۇنغان، ھايات مۇساپىسىنى ئۇلۇغ غايىلەر بىلەن نۇرلاندۇرغان پەزىلەتلىك ئانىلار يېتىشتۈرۈپ چىققان.

مىللەتنىڭ كېلەچىكى ـ قىز ـ ئاياللارنىڭ قولىدا، بۇ – قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت. ئەنە شۇ قىزلار پەزىلەتلىك ئانىلارنىڭ بىخلىرى، جەسۇر يىگىتلەرنىڭ ھەمنەپەسلىرى، جاھان مەئشەتلىرىنىڭ نەپىس بىزەكلىرى، قاشتېشىدەك سۈزۈكلۈكنىڭ جۇلالىرى، پاكلىقنىڭ مەۋجۇدىيەتتىكى زاھىرى ئەمەسمىدى؟ جاھاندا ۋىجدان ـ غورۇرى بىلەن ھەقىقى ياشاشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بارمىدۇ؟

ئېھتىمال دىلدىن ئېتىقاد نۇرلىرى ئۆچۈپ كەتكەن كىشىلەردىنمۇ ئارتۇق پەسكەش، قورقۇنۇچلۇق كىشىلەر بولمىسا كېرەك. ئىنسانلار دۇنياغا ئاپرىدە قىلىنغاندا، ھايا ـ نومۇسنىڭ ئۇندىن توققۇز ئۈلۈشى ئاياللارغا، بىر ئۈلۈشى ئەرلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەنمىش، ناۋادا ئەكسىچە بولغان بولسا، روھىيەت گۈزەللىكىنىڭ جۇلالىرىنى، مەۋجۇدىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى مەڭگۈلۈككە ئۈزۈتۈپ قويارىكەنمىز.

بىلەمسىلەر قىزلار بىزنىڭ روھىيىتىمىز ئەزەلدىن شەرمىي ـ ھايا، ئەدەپ ـ ئەخلاق گۈللىرى بىلەن بېزەنگەن ئىسلام شەرق تارىخىنىڭ شاھانە قەسىرلىرىگە ئاجايىپ ئىسىل مۇئلەرنى ھەدىيە قىلغان. بۈگۈنگە كەلگەندە روھىي كىرزىس پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ، مەدەنىيەت دالاسىدىكى تىلەمچىلەرگە ئايلىنىپ، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالساق، بىزنىڭ ئەتىمىزنى قايسى يۈسۈندا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن؟

قىزلار سىلەر نىمىگە ئىرىشمەكچى بولۇپ، يېرىم– يالىڭاچ كىيىنىۋالسىلەر؟ سىلەر غەلىتە تۇرقۇڭلاردىن پەخىرلىنىپ، گىدىيىپ يۈرۈشكىنىڭلار بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ ئالۋاستى ، نىقاپلىق جىندەپ ئاتىلىپ، بۇزۇق،

پەسكەش ئەرلەرنىڭ ئۆيۈنچۈقىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقىنىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ ئاگاھ بولۇڭلار، قىزلار! سىلەرنى كۈتىۋاتقىنى ئېچىنىشلىق تىراگېدىيە، دىنىي روھ، مىللى ئەنئەنىلەرنىڭ قەبرىگاھى، زالالەت ئالمىنىڭ چۇشكۈنلۈك بىلەن تويۇنغان مەشئۇم قىسمەتلىرى.

ئىشىنىمەنكى، سىلەر قانداق بولساڭلار، سىلەرنىڭ يىگىتلىرىڭلار، كەلگۈسىدىكى ئائىلەڭلارمۇ شۇنداق بولغۇسىدۇر. چۈنكى ئەر دۇنيانى لاھىيەلىگەن بىلەن ئايال ئەرنى لاھىيەلەيدۇ، ئائىلىنى لاھىيەلەيدۇ. بۇيەرگە كەلگەندە مۇنداق بىر مىسالنى قىستۇرۇپ ئۆتكۈم كېلىۋاتىدۇ. مىلادى 5 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر قولاس قەبىلىسىنىڭ بېگى بەگقۇلبەگ قورقماس، شجائەتلىك، باھادىر ھەمدە قابىل يولباشچى، مەسئۇلىيەتچان داھى بولۇپ شۇ ۋاقىتتىكى سىيانپىلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ئۆز خەلقىنى يېتەكلەپ قەھرىمانلارچەجەڭ قىلغان ھەمدە ئۆز ۋەتەن تۇپرىقىغا دۈشمەنلەرنىڭ ئىپلاس ئايىغىنى قەتئىي تەگكۈزمىگەن قەھرىمان جەڭچى ئىكەن، قىز ـ ئاياللار ناخشا قوشاق ئېيتسا، بەگقۇلنىڭ قەھرىمانلىقىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بەگقۇلى ھەققىدە:

ۋاي كەلدى دېگەندە بەگقۇلى ئانا،
بوۋاقنىڭ يىغىسى توختايدۇ شۇئان.
دەيدىكەن ياش قىزلار ناخشا ئېيتقاندا،
يىگىتىم بولسا ئىكەن بەگقۇلىسىمان.

دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلار بارلىققا كەلگەن. قىزلار ئەنە شۇنداق باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق...... قاتارلىق پەزىلەتلەرنى ھەقىيقى يىگىتلەرنىڭ ئۆلچىمى قىلغان. بۇنىڭ بىلەن يىگىتلەر قىزلارنىڭ كۆڭۈل تەختىگاھىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن مەردلىككە، قەھرىمانلىققا تەلپۈنۈپ تارىخىمىزنىڭ قەھرىمانلىق سەھىپىسىنى جۇلالاندۇرغان ئاجايىپ قەيسەر، شجائەتلىك، مەردۇ ـ مەردانىلەر يېتىشىپ چىققان . خوش، بۈگۈنگە كەلگەندە قانداق بولدى؟ قىزلىرىمىز يىگىتلەرنىڭ ئوغۇل بالىلىقىنى تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش، ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆلچەيدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ « ئوغۇل بالا» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان سورۇن مەيخانا، رېستوران، تانسىخانىلارغا قاترىشىپ، ئۆزىنى جىسمانىي جەھەتتىن خورىتىپ، ئەقلىنى ھەرخىل ئىچىملىك ـ چېكىملىكلەرنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى ۋە بەتبوي پۇراقلىرىغا يەم قىلىپ بەردى .نەتىجىدە شامال پۈۋلىسە ئۆچۈپ كېتىدىغان نازۇك، ھەتتا قاراڭغۇدىنمۇ قورقىدىغان، زەئىپ يىگىتلەر كېلىپ چىقتى. بۇنىڭ سەۋەپكارى كىم؟

مۇنداق بىر ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت بار، ئۇ بولسىمۇ : ئەرلەر ھامان ئاياللارنىڭ ئۆلچىمىدە ياشايدۇ. قىز ـ ئاياللار رىستۇرانلىشىپ كەتكەن ئەلدە ،ئەرلەردىكى شجائەت، جاسارەتنىڭ ئورنىنى چۈشكۈنلۈك، غېرىپلىق ئىگەللىمەي مۇمكىنمۇ؟

ئۆزىنى بىلمەيدىغان، نادان، ئاڭقاۋ قىزلار ۋەجدىن بارلىق قىزلارنىڭ نامى بۇلغىنىپ، خورلۇق ئاسارىتىدە پۇچۇلانسا، ئۇلار بىر قەۋم تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغۇچى ئانا بولىدىغانلىقى ۋەجدىن بىر قەۋم كىشىلىرى ئۇن تىنىسىز ھالدا ھالاكەت گىرداۋىغا، ئازغۇنلۇق كوچىلىرىدا جان تالىشىپ، نادامەت كۆز ياشلىرى بىلەن مەۋجۇتلۇق بوھرانىنى كۈتۈۋالسا، بۇنىڭغا يەنە تاقەت قىلىۋېرىش كېرەكمۇ؟

پىكىر يۈرگۈزىدىغان كىشىلەر خوتۇن ـ قىزلارنىڭ تەبىئىتى بۇزۇلسا، جەمئىيەت بۇزۇلىدۇ، ئەخلاق چىرىكلىشىدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئاساسسىز گەپ ئەمەس، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئاياللار ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. ئاياللار ئەبجەش مەدەنىيەتنىڭ قۇربانىغا ئايلانسا، روھى زەبۇنلۇق ئەۋج ئېلىپ، مىللىي مەدەنىيەت خاراپلىققا يۈز تۇتىدۇ. ئەرلەرمۇ يۈگەنسىز ئاساۋ ئاتتەك يولدىن ئادىشىپ، كىشىلىك تۇرمۇش مۇۋازىنىتى بۇزۇلۇشقا باشلايدۇ.

سۆيۈملۈك قىزلار، سەمىڭلاردا بولسۇنكى، سىلەرنى قەدىر قىممەتكە، تۆگۈمەس سېھرى لاتاپەتكە ئىگە قىلىدىغىنى تاشقى گۈزەللىك ۋە ماددى ئۈستۈنلۈك ئەمەس، بەلكى ئىچكى گۈزەللىك يەنى، قەلب گۈزەللىكى ۋە ئەخلاقى كامىللىقتۇر.

شائىر ۋە شەرق پەيلاسوپى جالالىدىن رۇمى ئېيتقان »:سەن ساماۋى ۋە زېمىنى ئىككى ئالەمگە باراۋەرسەن، ئەمما ئۆز باھايىڭنى بىلمىسەڭ بولمىغىنى، ئۆزۈڭنى ئەرزىنىڭە ساتما، جەزمەن باھايىڭ ئۈستۈن. «!

بىز ياخشى كىيىش، ياخشى يەپ – ئىچىشتەك ئەڭ ئاددى فىزىئولوگىيەلىك ئېھتىياجلاردىن ھالقىيالمىساق، بىزنىڭ ئادىمىيلىكىمىزدە نىمە مەنا بولسۇن؟

سۆيۈملۈك قىزلار، بىغۇبار پاكلىقىڭلارنى، ئالتۇندىنمۇ قىممەت ۋاقتىڭلارنى دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى نىمەتلىرىگە، رىستۇران، تانسىخانىلاردىكى بىردەملىك كەيپ – ساپا ھوزۇرىغا تىگىشىۋەتسەڭلار، بۇ ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار نابۇت قىلغانلىق بولماي نىمە؟ سىلەر بىر ياخشى كىتابنى نەچچە ئون يۈەنگە ئېلىشقا چىدىمايسىلەيۇ، بىرەر گىرىم بۇيۇمنى، بىرەر قۇر كىيىم – كېچەكنى نەچچە يۈز يۈەن خەجلەپ سېتىۋېلىشقا رازى سىلەر. كۆنلەپ بازار ئايلىنىشقا ۋاقتىڭلار چىقىدىيۇ، بىرەر سائەت كىتاب ئوقۇشقا ۋاقتىڭلار چىقمايدۇ. بەلكىم بۇ خىل مەنىۋى بوشلۇقلار بۈگۈنكى زامانىۋىلىششىنىڭ مەھسۇلى بولسا كېرەك. دۇنيادا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق، ئادەم ئىزدەنسە ھامان ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تۇرمۇشتىن خۇددى دېڭىزدىن سەدەپ سۈزگەندەك سۈزۈۋالالايمىز.

قىز – ئاياللار ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ بۈزغۇنچىلىرى ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچىلىرىدۇر! يارالغۇچىنىڭ كامالىتى ئەلۋەتتە ياراتقۇچىنىڭ پاراستىگە باغلىق. قېنى قىزلىرىمىزنىڭ پاراستى قايسى دەرىجىدىكىن؟ مېنىڭچە بۇنىڭغا رىئاللىقتىن جاۋاب ئىزدەش ئەڭ ئاقىلانىلىق بولسا كېرەك. شۈغۈنىسى مەنىۋىيىتى پۇچەك ئادەمنىڭ ئەقىل – پاراسەتلىك بولۇشى ۋە مەنىۋىيەت جۇلالىرىنى چاقنىتالىشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىپ، تىرىشچانلىق كۆرسەتسىلا روھىيەت ئالىمىنىڭ نۇرلۇق تاغلىرىدىن بەھىر ئالالايدىغانلىقى شەكسىزدۇر

مەنبە :رىتىم تورى

# تارىخىمىزدىكى ئاياللار ئوبرازى



پەرھات جىلان

ئىنسانلارنىڭ ئانىلارنى ئۇلۇغلاش ئىدىيىسى ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمى تۇرغۇزۇلغان ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا باشلانغان.ئىنسانلار ئىجتىمائىي مەخلۇقات سۈپىتىدە تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىغان ئاشۇ يىراق ئۆتمۈشتە ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئورنىتىلغان بولۇپ،قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئاساسىدا تىكلەنگەن مۇئەييەن كىشىلەر توپى يەنى

مۇئەييەن ئۇرۇق ئانىلارنى مەركەز قىلىپ تەشكىللىنەتتى. ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئانا تەرەپنى ئاساس قىلاتتى. ئاياللار ئۇرۇق —جامائە ئىچىدە ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرۇپ، بارلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلاتتى. ئەر كىشى ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئايالنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ باراتتى ۋە ئايال تەرەپنىڭ جەمەتىگە ئۆتۈپ كېتەتتى.

قىسقىسى، ئاياللارنى ئەزىز كۆرۈش ۋە ئۇلۇغلاش ئىدىيىسى پۈتۈن جەمىيەت ئەزالىرىنىڭ ئورتاق ئېتىقادىغا ئايلانغانىدى. بۇ خىل ئېتىقادنىڭ روھىي ماھىيىتى ـ ئاياللار ئىنسانىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مەزمۇندا بېيىغان، يەنى ئاياللار ئىنسانلارنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەنىكەن، يەنە ئەكسىگە ياندۇرۇپ بارلىقتىن يوقلۇققا ئايلاندۇرالايدۇ، دەپ قارالغان. دېمەك، ئىپتىدائىي ئادەملەر ئاياللارنى ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچى ۋە ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ جىنس دەپ چۈشەنگەن.

سىنىپىي جەمىيەت شەكىللەنگەندىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ھوقۇق ئەرلەرگە مەركەزلەشكەن ئاتىلىق تۈزۈمى ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتتى. دۆلەت ھاكىمىيەتلىرى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقى رەسمىي قانۇنلاشتى. شۇنداقتىمۇ ئانىلارنى ھۆرمەتلەش، ئاياللارغا كۆيۈنۈش ھېسسىياتى كىشىلەر قەلبىدە يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. بۈگۈنكى دۇنيادا ئاياللارنىڭ ھوقۇق —مەنپەئەتىنى قوغداش تەلىپى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئاياللار ئوبرازىغا نەزەر سالساق، جەمئىيەتتىكى ئاياللار ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا ھاسىل قىلىنغان ئىجتىمائىي ئاڭ ھالىتىگە باغلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەلۇمكى، خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئۆز ئارا تولۇقلاش رولىنى ئويناپ، مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە كۆپخىللىششى تەبىئىي ھالدا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى تاكامۇللىششقا، تۈپەككۇر پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ھال ھەر بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئاڭ كاتېگورىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ قانداق بولۇشى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ باسقۇچلۇق تەرەققىياتىغا شۇنداقلا جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتلەرگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە، بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، تەپەككۇر شەكلى ۋە قىممەت قارىشى تەدرىجىي شەكىللىنىپ چىقىدۇ. ئەنە شۇ خىل تەدرىجىي شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ئامىللار كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىنى نىسبەتەن تۇراقلاشقان ئىجتىمائىي ئاڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئاڭ ئوخشاشمىغان تارىخىي شارائىتتا ئوخشاشمىغان تەسەۋۋۇر ۋە ئوخشاشمىغان ئىدېئولوگىيە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، ئاياللار ئازادلىقى ئىدىيىسى ۋە ئاياللارنى قەدىرلەش ھېسسىياتى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا باشتىن ـ ئاياغ داۋاملىشىپ كەلگەن.

سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا ياشىغان ئۇيغۇرلار شۇ دەۋرلەردە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، بۇ دىنىنىڭ ئەۋلىيالىرى ھېسابلانغان شامانلار پۇقرالار ئىچىدىكى ئەر ـ ئاياللاردىنباراۋەرلىك ئاساسىدا تاللاپ سايلىناتتى.

ھەتتا بىر قىسىم ئۇرۇق قەبىلىلەردە شامانلار مۇتلەق ئايال بولاتتى. ئەل ئىچىدە «شامانلار ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچى، ئۇلار ئەجداتلارنىڭ روھى بىلەن ئۇزلۇكسىز ئالاقىدە بولۇپ، جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلاپ كەتكۈزۈپ، خەلقنى بالايىئاپەتتىن ساقلاپ قالالايدۇ» دەپ قارىلاتتى. شۇڭلاشقا ئەينى دەۋردە ئاۋام پۇقرالاردىن تارتىپ ھۆكۈمران خانلارغىچە شامانلارغا جۈملىدىن ئاياللارغا باش ئۇرۇپ، ئۇلاردىن مەدەت ئاسايىشلىق تىلەيتتى. توي ۋە ئۆلۈم ئىشلىرىغا شامانلار رىياسەتچىلىك قىلاتتى. تەبىئىي ئاپەت ۋە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى يۈز بەرگەندە يەنە شۇ شامان دەپ ئاتالغان ئەر ـ ئاياللار پىرە ئويناپ «ئاپەت ياغدۇرغۇچى» جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلايتى. ئەجدادلارنىڭ مۇقەددەس روھلىرىنى «ياردەم» گە چاقىراتتى. ئومۇمەن پۈتۈن جەمئىيەت ئەنە شۇ كارامەتلىك شامانلارنىڭ تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئىشىنەتتى ۋە ئۇلارغا چىن قەلبىدىن سېغىناتتى.

ئۇيغۇرلار شامان دىنىنى تاشلاپ،مانى دىنىغا كۆچكەندىن كېيىنمۇ ئاياللارنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى كىشىلەر ئېڭىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى. ،مۇڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ئورخۇن سېلىنگا،تۇغلا دەريا ۋادىلىرى ۋە ئۆتۈكەن تاغلىرىنى ماكان تۇتۇپ ياشىغان قەبىلىلىرىدە شۇ دەۋرلەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە داۋاملاشقان ئۆرۈپ ـ ئادەت بويىچە ئوغۇل پەرزەنت ھەر قېتىم ئۆيگە كىرگەندە ئالدى بىلەن ئانىسىغا ،ئاندىن ئاتىسىغا تەزىم قىلىپ سالام بېرەتتى.

يەنە شۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى رەسمىي ھۆججەت خاراكتېرلىك تاش پۈتۈكلەردە قاغان (خان) بىلەن قاتۇن (خانىش) ئاتالغۇلىرى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنغان.مەسىلەن،مىلادى 750 ـ يىلى ئورنىتىلغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنىڭ تەكشتى خانلىقنىڭ ئىككىنچى قاغانى بايانچۇرنىڭ تىلىدىن بايان قىلىپ،«قاغان قاتۇن ئاتاغ ئاتانىپ »(قاغان ۋە قاتۇن ئاتاقلىرى بىلەن ئاتىلىپ) خانلىقنى باشقۇرغانلىقى ئالاھىدە قەيت قىلىنغان.

دېمەك ،ئەلنى سوراشتەك زور سىياسىي ـ ئىجتىمائىي پائالىيەتتىمۇ خان بىلەن خانىش تەڭ باراۋەر ئورۇنغا قويۇلغان.

شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىمۇ ئاياللارغا كۆيۈنۈش،خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ئىدىيلىرى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەندى.ئەگەر كىمدە كىم مەرتىۋىسىنىڭ ھەرقانچە يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئېرى بار ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلسا،ئۇنىڭغا چوقۇم ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى.ئەگەر كىمدە كىم ياتلىق بولمىغان قىزنىڭ نومۇسىغا تەگسە ،ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشى شەرت ئىدى.ئەر كىشى قازا قىلسا ئۇنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ ئىنىسى ياكى باشقا يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرىگە ياتلىق بولاتتى ۋە شۇ ئارقىلىق مەزكۇر ئۇرۇق جەمەتنىڭ ئەزاسى بولۇش سالاھىتىنى ساقلاپ قالاتتى.شۇنىڭ بىلەن ئايال كىشى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تولىلىشىپ ياشاشتەك ئۇرۇقداشلىق شارائىتىدا تۇل بولۇپ،باشپاناھسىز قېلىش قىسمىتىدىن قۇتۇلۇپ قالاتتى.جەمئىيەت ئەزالىرى ئۇرۇق ـ جەمەتلەر بويىچە ئايرىلغان چوڭ ئائىلە تۈزۈمىدە شەكىللەنگەن شۇ خىلدىكى ئادەتلەر دېھقانچىلىق ۋە شەھەر مەدەنىيىتى تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىنمۇ يەنە خېلى ئۇزاققىچە داۋاملاشتى.

ئورخۇن يايلاقلىرىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق شارائىتىدا ياشىغان ھەم شىنجاڭ بوستانلىقلىرىدىكى دېھقانچىلىق،باغۋەنچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقان ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەرلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىگە قاتناشتى.ئۇلار تەبىئەتكە قارشى كۈرەشلەردە ياكى تۈرلۈك سىياسىي ـ ئىجتىمائىي بوران ـ چاپقۇنلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى ۋە ئېگىلمەس ئىرادىسىنى نامايەن قىلدى.جاپالىق تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرى بارلىققا كەلتۈرگەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئامىللار ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىش ـ ئەمگەكتە تىرىشچان،كۈرەشلەردە جەڭگىۋار،كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە بىر قەدەر دادىل ۋە ئەركىن بولۇشتەك جانلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى شەكىللەندۈردى.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئانىسى گەرچە تۆۋە تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ،كۆپ ئوقىغان ۋە ئۆگىنىشتىن ئەقىل تاپقان ئايال بولغاچقا،ئوغلى مەھمۇدنى كىچىككىدىنلا ئائىلىدە ئۆزى ئوقۇتۇپ،ساۋاتىنى چىقارغان ھەمدە ئۆزىنىڭ ئېرى ھۈسىين ئىلىك خانغا ھەمىشە پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى كۆرسىتىپ،خان جەمەتىنىڭ ھۆرمەتلىشىگە سازاۋەر بولغان.

XI ـ ئەسىردە سالجۇقلار ئوردىسىغا قاراخانىلار ئوردىسىدىن كېلىن بولۇپ كىرگەن تۈركەن خاتۇنمۇ بىلىمى ۋە ئەقىل ـ پاراستى بىلەن ئېرى سۇلتان مەلىكشاھقا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشقان.

بىر ئاددىي ئوتۇنچىنىڭ قىزى ئامانىسساخان ئۆز زامانىسىغا يارىشا ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى.ئۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى ئابدۇرىشىتخانغا

ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇق تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپ،ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى رەتلەش ۋە تولۇقلاشتەك ئۇلۇغۋار ئىلمىي ئىشقا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى قەشقەردىن ئىلغا سۈرگۈن قىلىنغان نۇزۇگۇم،مۆلجەر تىغدىكى پىداكار يەتتە قىز،ئىلى خەلقىنىڭ مانجۇ ئىستىبداتلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرىشىدە قۇربان بولغان مايىمخان،ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قەھرىمانى رىزۋانگۈل قاتارلىق نۇرغۇن يارقىن ئوبرازلار تارىختا ئۆنتۇلماس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى مەشھۇر داستانلارنىڭ باش تېمىسى ھامان گۈزەل ۋە ساداقەتلىك ئايال (قىز) ئوبرازىغا باغلىنىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ چىن مۇھەببەت ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ئېسىل روھى مەدھىلىنىدۇ.

سانسىزلىغان مىساللار بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ ئانىلارغا،ئىگىچە ـ سىڭىللارغا،قىز پەرزەنتلەرگە قارىتىلغان ياخشى كۆرۈش،كۆيۈنۈش ۋە قەدىرلەش روھى ھايات بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ،ھەر بىر ئادەم ۋە ئائىلىنى دەۋر قىلغان ھالدا مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ.ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەنە شۇ يورۇق نۇقتىلار ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ،ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ تۇرىدۇ.ھالبۇكى،بۇ يورۇق نۇقتىلار خىرەلىشىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ جەمئىيەتتە ئانچە ـ مۇنچە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

جاھالەت،خۇراپات ۋە نادانلىقتەك مەنىۋىي ئاجىزلىقلار ئىنساننى ئەسلىدىكى مۇھەببەتلىك پاك تەبىئىتىدىن ياتلاشتۇرۇپ،«كۈچلۈكلەر»(ئەرلەر) «ئاجىزلار»(ئاياللار) نى خارلايدىغان ياۋايىلىقنى يېتىلدۈرىدۇ.ئىنسان داۋاملىق ئۆگىنىش ۋە ئۈزلۈكسىز ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يورۇتقان ۋە بېيىتقاندىلا مەنىۋىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ،ئاياللار بولمىسا ھاياتمۇ ئۆزىنىڭ تۈپكى مەنىسىنى ۋە ئەسلى ماھىيىتىنى يوقىتىدىغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ. «ئاياللار مىللەتنىڭ تەغدىرىنى بەلگىلىگۈچى مۇھىم ئاملارنىڭ بىرى»دېگەن ئۇقۇم مەدەنىيەتلىك زاتلارنى بارغانسىرى چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلماقتا. دەرۋەقە ، ئانىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى بولسا پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىلىنىشى ئىلمىيلىشىدۇ. نەتىجىدە،كەلگۈسى ئەۋلادلار ئىجدە يارامىلىق كىشىلەر كۆپلەپ چىقىدۇ.بۇ ئاددىي ھەقىقەتنى ئىنسانلار تارىختىكى ناھايىتى ئۇزۇن مۇساپىلىك ئىجتىمائىي ئاڭ تەرەققىياتى جەريانىدا تېپىپ چىققان.بىز بۇ ھەقىقەتنى ئاڭلىق چۈشەنگىنىمىزدىلا خەلقىنىڭ،مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن قاراشنى ئۆگىنىۋالالايمىز. بۇ خىل مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئاياللارنىڭ ئاڭلىق ھەركىتىگە ئايلانغاندا ئىنسانىيەتنى ۋە مىللەتنى ياراتقۇچى ئۇلۇغ ئانا ئوبرازى خەلقنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

مەنبەسى: «شىنجاڭ ئاياللىرى»1999 ـ يىلى 4 ـ سان

# دۇكاندار قىزنىڭ كۆز يېشى

ئاپتورى: قاتىمە

ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىمۇ خېلى بولۇپ قالدى.خىزمەت تاپقۇچە بولغان ئارىلىقتا تۇرمۇشقىيىنچىلىقى بىزنى بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرۇشقا مەجبۇرقىلىپ قويدى.قانداق ئىش بىلەن شۇغۇللانساق بولار؟تىجارەتنىڭ قايسى خىل يولى ئەڭ ئۈنۈملۈك،بىخەتەر،چىقىمى ئاز؟ دىگەندەك مەسىلىلەر بىلەن بېشىمىز قاتقان ئىدى.ئاخىرى ئاپامنىڭ يىغىپ قويغان ئازغىنە پۇلىنى ئېلىپ،بىر كىچىك كوندىلىك بۇيۇملار دۇكىنى ئېچىۋالدۇق.دۇكان كىچىك بولسىمۇ ،بۇكىچىك دۇكان ئېلىپ كەلگەن مەسىلىلەر مېنى قىيىنغىلى تۇردى . ئەتىگەنلىكى دۇكاننى ئېچىشىمىزغىلا دۇكانغا مەھەللىمىزدىكى ئۆششاق باللار چۇقرىشىپ كىرىپ كېلەتتى ـ دە،ئاتا ـ ئانىلىرى بەرگەن پارچە —پۇرات پۇللارغا ھەرخىل يېمەكلىكلەرنى سېتىۋالاتتى.لېكىن كىشىنى ئەجەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى ئۇلار«بارمۇ؟»دەپ سوراپ كىرگەن نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىر ـ ئىككى موچەنلىك

زاۋۇت ئادرىسى ئېنىق بولمىغان ،پاخال يىمەكلىكلەر ئىدى.ئۇلار بۇ يىمەكلىكلەرگە شۇنچىلىك كۆنۈپ كەتكەن ئىدىكى،مەن ئۇلارغا ئۇنداق زىيانلىق ـ پايدىسى يوق نەرسىلەرنى يىمەسلىكنى نەسھەت قىلسام،ماڭا بىر ئالىيىپ قارىۋېتىپ ،پەرتتىدە ئۇدۇلدىكى يولداشنىڭ دۇكىنىغا يۈگرەيتتى.شوخراقلىرى تېخى ئۇششاق تاشلارنى تېرىپ كېلىپ،دۇكاننىڭ ئىچىگە بىرنى ئېتىۋېتىپ قېچىپ كېتەتتى .

ئۇلار ئاشۇ نەرسىلەر ئۈچۈن ،كىچىككىنە نەپسىدىن كېچىشكە قەتئى رازى ئەمەس ئىدى .

بىركۈنى بىر تۇغقىنىمىز كېلىپ،مېنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئۇششاق بالىلار يەيدىغان پاخال يىمەكلىكلەرنى دۇكانغا سېلىشىمنى،ئەگەر ئۇنداق قىلمىسام ،بۇ مەھەللىگە ئېچىۋالغان كىچىككىنە دۇكان بىلەن جان باققىلى بولمايدىغانلىقىنى نەسھەت قىلدى .

ــ ئۇ بىچارە بالىلارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ ھەدە. «پايدا كۆپ چىقىدۇ»دەپ پاخال يىمەكلىكلەرنى دۇكانغا سېلىپ،خولۇم ــخوشنىلارنىڭ بالىلىرىنى بىز بۇلغاپ بەرسەك،ئۇلارغا ئۇۋال بولمامدۇ !ــ دىدىم مەن .

ــ ئۇلار بۇنىڭغا ئۆگىنىپ كەتكەن،سىز بىر ئادەم ئۇنى تۈزەپ بولالمايسىز .«بالىلار ئۇنى يىسە بولمايدۇ،بۇنى يىسە ئەقلى بۇلغىنىدۇ »دەيسىز .كۆڭۈل بۆلگەننى بىلمەيدىكەنسىز.ئەمىسە بەك نوچى بولسىڭىز، ئۆزىڭىز بىر ئىشەنچلىك بالىلار يىمەكلىكى زاۋۇتى قۇرۇپ باقمامسىز! .ــ ئۇ شۇنداق دەپلا ئاچچىق بىلەن چىقىپ كەتتى .

يەنە بىر كۈنى خېرىدار يوق ،دۇكاندا كىتاپ كۆرۈپ ئولتۇراتتىم،30ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بىر كىشى كىرىپ كەلدى.مەن ئۇنىڭغا سالام بېرىپ ،نىمە لازىملىقىنى سورىدىم.لېكىن ئۇسالامنى قايتۇرۇپلا،گەپ قىلماستىن نەرسىلەرگە ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ ،ھەر بىر مالنى ئېلىپ ئادرىسىغا قارىغىلى تۇردى. ئۇ مەھەللىمىزدىكى تۈنجى بولۇپ ئىچكىرىدىكى ئالى مەكتەپكە ئەلا تەنجە بىلەن ئۆتكەن،مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كىيىن خىزمەت قىلماي،ئۇششاق تىجارەت قىلىپ يۈرگەن كىشى ئىدى.ئۇنى بۇرۇن مەھەللىدىكى چوڭلار» شەھەر باشلىقى بولالىغۇدەك ئەقىللىق بالا»دەپ ماختىشاتتى.مانا ئەمدى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كېلىپ ،خىزمەتكە ئورۇنلىشالالمىدى.كىشىلەرمۇ ئۇنى زاڭلىق قىلىپ«ئالىم غەلتە» دەپ ئاتايتتى.ئۇنىڭ گەپلىرى بۇرۇن كىشىلەرگە يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلسا ،ئەمدى ئەخمەقلىق ھىساپلىناتتى.ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ياشانغان ئاپىسى ۋە بىرقانچە يېتىم بالىلار بار ئىدى... ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ غېمى شۇنچىۋالا كۆپ بولسىمۇ،«ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن بولماي،كەچكىچە خەقنىڭ ئىشىغا چات كىرىۋالاتتى.» ئۇ يېقىنىڭياقى مەھەللىمىزدىكى ھەممە دۇكانلارنى ئارىلاپ،«مۇشۇ نەرسىلەربالىلارنىڭ جىسمىنى، ئەقلىنى بۇلغىمامدۇ؟»دەپ نەچچىسى بىلەن گەپ تالىشىپ قالدى. ھەتتا«مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان»دىگەن قالپاقنىمۇ كەيدى.شۇڭا ئۇنى «غەلتە» دىمەي نىمە دىگۈلۈك؟

ــ سىڭلىم ،قارىسام دۇكانغا ئىشەنچلىك مال ئەكىرىپسىز.بەك خوش بولدۇم.دۇكاننىڭ سودىسى قانداقراق؟

ــ اللەقا شۈكرى ،يامان ئەمەس .ــ دېدىم مەن .

ــ ھازىرقى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يىمەكلىكلەر،بولۇپمۇ مۇشۇ بالىلار يىمەكلىكى ئىچىدە ناچار،ساختا ئەخلەت يىمەكلىكلەر كۆپىيىپ كەتتى.بىر ـ ئىككى موچەنلىك نەرسىدە قانچىلىك ئوزۇقلۇق بولماقچىدى.ھەممىسىنى ھەرخىل زىيانلىق دورىلار بىلەن بوياپ،تەم كىرگۈزۈپ ساتىدۇ.ئۇنىڭسىزمۇ مۇشۇ بۇلغانغان ھاۋا،سۇ،يىمەكلىكلەرنىڭ زىيىنىمۇ يېتىپ ئاشاتتىغۇ بىزگە !

ــ توغرادەيسىز،مەن چىڭدۇدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا،«ئىسلام جەمئىيتى مۇسۇلمانچە يىمەكلىكلەرنى نازارەت قىلىش ھەيئىتى»دە ئىشلەيدىغان بىر خۇيزۇ تونۇشۇم بار ئىدى.ئۇلار چىڭدۇغا تەكشۈرۈشكە كەپتىكەن.بۇ شەھەردىكى% 95 «مۇسۇلمانچە »يىمەكلىك ئىشلەپ چىقىرىدىغان كارخانىنىڭ ئۆلچەمگە توشمايدىغانلىقىنى

بايقاپتۇ. ھەتتا بەزىلىرى سۇچاشقىنىنىڭ تېرىسىنى سويىۋالغاندىن كىيىن ،گۆشىنى 火腿肠) قېزا )زاۋۇتلىرىغا

ئۆتكۈزىدىكەن. شاڭخەي ،تيەنجىن قاتارلىق جايلاردىكى چوڭ «مۇسۇلمانچە» مەھسۇلات ئىشلەيدىغان كارخانىلارنىڭ ئۆلچىمىدىمۇ،«مۇسۇلمانچە» دىگەنلىك پەقەت پاكىزەۋە تەركىبىدە بىۋاستەچوشقا گۆشى بولماسلىقىنى كۆرسىتىدىكەن. ئەمما قۇرئاندا چوشقا گۆشىدىن بۆلەك ،ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلار( قوي، كالا بولسىمۇ) ،قان ،اللەنىڭ نامىنى ئېيتماي بوغۇزلىغان ھايۋانلار،يىرتقۇچ ھايۋانلارنى يېيىش ئوخشاشلا ھارام قىلىنغان.ئەمەلىيەتتە ئۇ چوڭ زاۋۇتلاردىكى كالا گۆشلىرى ئىغىرلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈنلەي ئاپتوماتىك ئۇسۇلدا قېنىنى چىقارماي،بۇرنىدىن سۇ قۇيۇپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈلىدىكەن.زاۋۇتلار ئەڭ ئاساسلىقى پايدىنى

ئاساسى مەقسەت قىلغاچقا، تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، قوي كالا مېيى قىممەت بولغاچقا، چوشقا مېيىنى ئالاھىدە ئۇسۇلدا سىنتېزلەپ،گىلىتسېرىل ئىشلەپ ،ئۇنى تەييار چۆپلەرگە قاتىدىكەن... ـــ دىدىم مەن .

ـــ ئۇلارغۇ مۇسۇلمان ئەمەس ،بىزچۇ؟ بىز ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەپ تۇرۇپ، پۇل ئۈچۈن ئاشۇنداق نەرسىلەرگە ئۇيغۇرچە ماركىنى چاپلاپ ئەكىرىپ ساتىمىز. بەزىلىرىنىڭ تېخى زاۋۇت ئادرېسىمۇ يوق .ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ ئېسىل تاماقلىرىنى تاشلاپ«كېنتاكى»،«ماكدونالد» ،ھەرخىل ئىسىملىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان «تورتخانىلار»غا چاپىمىز .قارىسىڭىز بىزنىڭ بالىلىرىمىز «مالا چوەر»گە يۈگۈرگەن،ئۇلارنىڭ بالىلىرى كاۋاپخانىدا. بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمىدىن؟ ئەڭ مۇھىمى قەلبىمىز بۇلغىنىپ كەتتى.بىز ھەممىمىز بالىلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىدە ئۈمىدىمىزنى ئاقلايدىغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز،ئۆزىمىز قىلالمىغان ئارمانلىرىمىزنىمۇ شۇلارغا يۈكلەيمىز.لېكىن بىز ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن زادى نىمە قىلالىدۇق؟بالىلىرىمىز ياخشى ئادەم بولسۇن دەيمىزيۇ،ئۆزىمىزقاۋاقخانا،ئىشرەتخانىلاردا يۈندە پۇراپ يۈرىمىز، بالىمىزنىڭ ۋاپادار بولىشىنى تىلەيمىز-يۇ،ئاتا-ئانىمىزنى بىر باش پىياز بىلەن بولسىمۇ يوقلاپ قويمايمىز،ئۇلارنى ئەقىدىلىك بولسۇن دەيمىز-يۇ،پۇل-مەنسەپ ئۈچۈن بىر-بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالىمىز.ئۇلاردىن سەممىيەتنى تەلەپ قىلىمىز-يۇ،بالاراست گەپ قىلىپ مال ساتقانلىقتىن،سودىگەر دادىسىدىن تاياق يەيدۇ،ئەخلاقلىق،ھايالىق بولىشىنى ئارزۇ قىلىمىز-يۇ،ئۆزىمىز ھايانى قاياقلارغىدۇ تاشلىۋەتكەن.تاماكا چېكىپ تۇرۇپ«تاماكا چەكمە»دەيمىز،ھاراق ئىچىپ تۇرۇپ« ھاراق ئىچمە» دەيمىز.بالىلار قەلبىگە ئەقىدە ئۇرۇقىنى تىكمەي،ئۇلاردىن ئەخلاق مېۋىسىنى تەلەپ قىلالامدۇق؟بەزىلەر «بۇلارغا ئامال يوق ،سەن ھېچنىمە قىلالمايسەن» دەيدۇ.مەن سىزگە مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بىرەي: ـــ رىۋايەت قىلىنىشىچە، كافىرلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئوت يېقىپتۇ.ئوتقا يىلان تەمەچ توشۇپتۇ،قارلىغاچ بولسا كىچىككىنە ئاغزى بىلەن ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن سۇ توشۇپتۇ .ئۇنىڭدىن «سەن ئاغزىڭدىكى كىچىككىنە سۇ بىلەن مۇشۇنچىۋالا چوڭ ئوتنى قانداق ئۆچۈرىسەن؟» دەپ سورالغاندا. «شۇ ئوتنى ئۆچۈرەلىگەن بولسام بەك ياخشى بولاتتى،ئەمما ئوتنىڭ ئۆچۈش-ئۆچمەسلىكى مېنىڭ چامامدىكى ئىش ئەمەس،لېكىن ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش مېنىڭ ئەقىدەم.ئەقىدەم ئۈچۈن ياشاش مېنىڭ مىزانىم.»دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ...

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم پاللىدە يورۇپ كەتتى.ئىچىمدە«ئەجەبا مەن ئاشۇ قارلىغاچچىلىك بولالماسمەنمۇ؟ئى اللە ،مەيلى نەپسانىيەتچىلىك قانچىلىك كۈچىيىپ كەتسۇن،ماڭا ئەقىدەمدە چىڭ تۇرىدىغان ئىمان ئاتا قىلغىن.ھەق يولدا قەدىمىمنى مۇستەھكەم قىلغىن «.دەپ دۇئاقىلدىم ...

شۇنداق قىلىپ مەن ئۇ ماللارنى دۇكانغا سالمىدىم،دەسلەپتە دۇكىنىمغا خېرىدار بەك ئاز كىردى(بولۇپمۇ بالىلار) .كېيىن مەنمۇ ئۆزىمىزنىڭ زاۋۇتلىرىدا ئىشلەنگەن بەزى ماللارنى ئىزدەپ سوراپ يۈرۈپ كۆپەيتتىم.بالىلارغا تەربىيەمنى داۋاملاشتۇرىۋەردىم.ئۇلارغا تەربىيەنى ھېكايە شەكلىدە بايان قىلىشقا تىرىشاتتىم.بارا-بارا مېنىڭ دۇكىنىمدىمۇ بالا خېرىدارلار كۆپىيىپ قالدى.ئۇلار ئاساسەن ھېكايە ئاڭلاش ئۈچۈن كىرەتتى.ھەتتا بەزى ئاتا– ئانىلارمۇ كىرىپ ئالاھەزەل ماڭا رەھمەت ئېيتاتتى .

ـــ ۋاي توۋا خۇدايىم،ما بالىنى قاراڭ! كۈندە مەكتەپكە ئىككى كوي بەرمىسەم ماڭغىلى ئۇنىمايتتى.«قورسىقىم ئېچىپ كەتسە خوتۇيچاڭ يەيمەن »دەپ،ئەمدى پۇل بەرسەم ئالماي،«ئاپا سىز مېنى بېقىش ئۈچۈن بەك جاپا تارتىدىكەنسىز.مەن ئەمدى خوتۇيچاڭ يىمەيمەن.ئۇنى يىسە گەپ ئاڭلىمايدىغان ئەسكى بالا بولۇپ قالىدىكەن .اللە ئۇنداق بالىنى ياخشى كۆرمەيدىكەن.اللە بەك ياخشىكەن ھە ئاپا !ماڭا سەندەك ياخشى ئاپىنى يارىتىپ بېرىپتۇ.مەن كەچتە تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەپ بولۇپ،تېلىۋىزۇر كۆرمەيمەن،ھېلىقى ھەدەمنىڭ دۇكىنىغا چىقىپ ھېكايە ئاڭلايمەن.سەنمۇ بىللە چىقە ئاپا، بەك پەيزىكەن «!دىمەسمۇ،بالامنى باغرىمغا بېسىپ تازا يىغلاپتىمەن. دادىسى توگەپ كەنكەندىن بېرى» مۇشۇ بالام قانداقراق چوڭ بولا؟»دەپ كىچە –كۈندۈز دەرت چېكىتتىم ،دەتلىرىممۇ يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى سىڭلىم.كىچىكى قىز ،تېخى ئەمدىلا تۆت ياشقا كىردى ،ئۆزى بەك ئەقلىلىق ئەتىدىن-كەچكىچە كەينىمدە يۈرۈپ ئۇنى-بۇنى سوراپ،كۆڭلۈمنى خوش قىلىدۇ،بەك گەپ ئاڭلايدۇ،قىلماڭ دىگەن نەرسىنى پەقەت قىلمايدۇ.لېكىن شۇ قىزىمنىڭ دۈمبىسى سەل دوك بولۇپ قالدى ،دوختۇرغىمۇ كۆرسەتكەن ئىدۇق،«چوڭ يەرگە ئاپىرىپ كۆرستىپ بېقىڭلار» دەيدۇ.اللە نىسىپ ئەتسە،پۇل يىغىپ ئاپىرىپ داۋالىتىپ كېلەي دەيمەن. اللەقا شۈكرى نامازنىمۇ باشلىۋالدىم .سىزگە اللە رەھمەت قىلسۇن سىڭلىم.ـــ دەپ رەھمەت ئېيتتى .مەھەللىمىزدىكى يولدىشىدىن بالدۇرلا ئىككى بالىسى بىلەن تۇل قالغان، رەھىمە ئىسىملىك بۇ ئاق كۆڭۈل ھەدىمىزيىغلاپ تۇرۇپ .

ــــ ھەدە ،كۆڭلىڭىزنى ھەرگىز يېرىم قىلماڭ. بۇ دۇنيادىكى ھەممە ئىشلار بىر سىناقتۇر،ئۇلۇغ الله «ئەلۋەتتەھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن،چوقۇم بىر ئاسانلىق بار.(سۈرە ئىنشىرا)»دىگەن.ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرغۇچى پەقەت الله دۇر .سىز الله دىن تىلىسىڭىز ،چوقۇم بېرىدۇ.ھەممە نەرسە پەقەت يىگانە رەبىمىز الله نىڭ ئىلكىدىدۇر.ئۈمىدلىك بولۇڭ!ــ دىدىم مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ .

ــــ بىز باللىرىمىزنى ئەخلەت يىمەكلىكلەردىن توسۇپ قالالمايتتۇق ئۇكام.ئۇلار ھە دىسە يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ قەغىشلىق قىلىپ، بىز ئۇنى ئېلىپ بەرمىگىچە بولدى قىلمايتتى.كيىنچە بىزمۇ بالا يىغلاپ بولغىچە،شۇ ئەخلەت يىمەكلىكلەرنى ئېلىپ بېرىپ گوللايدىغان بولدۇق.ئەمدى ئويلىساق خاتاقىلغان ئىكەنمىز.ھازىر مېنىڭ بالام«ئەقىللىق بالا ئەخلەت يىمەيدۇ،ئەقىللىق بالا پاكىز ،ھالال نەرسىلەرنى يەيدۇ»دەيدىغان بوپتۇ.پۇل بەرسەڭ» يىغىپ يېتىم باللارغا ياردەم قىلىمەن،ئۇلارنىڭ سىلەردەك ئاپئاق ئاتا ـ ئانىسى يوق.شۇنداق قىلساق الله بىزنى ياخشى كۆرىدۇ»دەيدۇ.بۇنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتىم...رەھمەت سىزگە سىڭلىم.ــدېدى تېخى يېقىندىلا«باللىرىمىزنى ئالداپ» دەپ ،ماڭا ئالىيىپ چىقىپ كەتكەن يەنە بىر ھەدەش .

ــ ھەممىمىز مېھرىبان الله قا رەھمەت ئېيتايلى ھەدە،ئەڭ ياخشى رەھمەت ئىبادەتتۇر،ھەممە ئىشلاردا مېھرىبان اللەقا بويسۇنۇشتۇر!ــ دىدىم مەن جاۋابەن .

مانا مۇشۇنداق قىلىپ دۇكان ئاچقىلىمۇ بىرنەچچە ئاي بولۇپتۇ،بىركۈنى ئەتىگەندە ئەمدى دۇكان ئېچىپ ،سۇ سېپىپ سۈپۈرۈۋاتسام.چاچلىرى ئۆسۈپ تارالماي پاخپىيىپ كەتكەن تۆت ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزچاق،ئۆزى بىلەن تەڭ دىمەتلىك يەنە بىر ئوغۇل بالا بىلەن بەش مولۇق پۇلنى كۆتۈرگىنىچە چۇرقىرىشىپ كىرىپ كېلىشتى .

ــــ نىمە ئالىسلەر ،ئوماق باللار ؟ــــ دىدىم مەن كۈلۈمسىرەپ .

ــــ مەن ماۋۇنى ئالىمەن .ــ دىدى قىزچاق تۇركىيە كەمپۇتنى كۆرسىتىپ .

ــــ مەنمۇ شۇنى ئالىمەن.ــ دىدى ئوغۇل ئارقىدىنلا .

ئۇ ئىككىسى بىردىن كەمپۇتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى.مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ قاراپ تۇردۇم.ئۇلار دۇكاندىن بىرقانچە ئون مېتىر يىراقلىقتىكى بىر شەخسى شىپاخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ،

»دوختۇر ئاپا!دوختۇر ئاپا!»دەپ توۋلاشقىلى تۇردى.بىر چاغدا دوختۇرخانە ئىچىدىن ئاق خالات كىيگەن بىر ئايال چىقىپ كەلدى .

ــــ كەلدىڭلارمۇ باللىرىم .ــــ دىدى ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن .

ــــ دوختۇر ئاپا، مىنىڭ ئاپام بۈگۈن كەلدىمۇ؟مەن ئاپامغا بۇ كەمپۈتنى ئېلىپ كەلدىم ،بۇ كەمپۈت بەك تاتلىق.ــ دىدى تاتلىققىنا كۈلۈپ.دوختۇر ئۇ قىزچاقنى باغرىغا بېسىپ پىشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.ھەم ئۇ كەمپۈتنى ئېلىپ:ــــ ئوماق قىزىم مەن بۇ كەمپۈتنى ئاپىڭىزغا بېرىپ قوياي،ئۇ چوقۇم «مېنىڭ قىزىم بەك ئاپپاق»دەپ خوش بولۇپ كېتىدۇ.ــــ دىدى كۆزىگە ياش ئېلىپ .

چاچلىرى پاخپايغان ،بويى پاكارراق،دۇمبىسى ئازراق چىقىپ قالغان بۇقىزنىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان ،مۇھەببەت بىلەن يۇغۇرۇلغان تاتلىق سۆزلىرى قەلبىمنى لەرزىگە سالدى.ئۇنىڭ سىماسى بىر كىچىك پەرىشتىدەك ،بىرقانچە كۈنلەرگىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى.ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتتىمىكىن،ھېلىقى دوختۇر ئايال دۇكانغا قەلەم ئالغىلى كىردى.مەن ئۇنىڭدىن ئۆتكەن ھەپتە بولغان ھېلىقى قىزچاقنىڭ تەسىرلىك ئىشىنى سورىغان ئىدىم، ئۇ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ،ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەردى .

ئەسلىدە بۇ قىزچاق ئاپىسىدىن يېتىم قالغان قىز بولۇپ،ئۇقىزچاقنىڭ ئاپىسى بۇندىن ئۈچ ئاي بۇرۇن كىسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن.ئۇقىزچاققا ھازىر ياشنىپ قالغان مومىسى قاراۋىتىپتۇ. قىزچاقنىڭ ئاپىسى تۇغەپ كېتىشتىن بۇرۇن،كېسىلى خېلى ئېغىر بولسىمۇ،چوڭ دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىشقا پۇلى بولمىغاچقا،مۇشۇ كىچىك شىپاخانىدا ئوكۇل ئۇرغۇزۇپ تۇراتتىكەن.شۇڭا بۇ سەبى قىزچاق ھازىرغىچە ئاپىسىنى مۇشۇ دوختۇرخانىدا دەپ قارايدىكەن.بۇ قىزچاق ھەركۈنى چوڭ ئاپىسى بەرگەن پۇلغا بىرتال ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كەمپۈت سېتىۋېلىپ،ئۆزى يىيىشكە قىيماي، ئاپىسغا بەرگىلى دوختۇرغا ئاپىرىپ بېرىدىكەن .

ــــ ئۇ ھازىرغا قەدەر يىگىرمە بەش تال كەمپۈتنى كۆتۈرۈپ كىردى. مەن ئۇلارنى يىغىپ قويدۇم. ئۇ قىز بەش ياشقا تولغان كۈنى باشقا سوۋغاتلار بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭغا سوغا قىلاي دەيمەن. ــ دېدى دوختۇر ھەدىمىز ـ♂ .

ـــئەسلىدە بۇ قىز ھېلىقى رەھىمە ھەدەمنىڭ قىزىكەندە ،الله ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن،بۇ يېتىملەرگە ئاسان يولنى مۇيەسسەر قىلسۇن.ــــ دىدىم مەن كۆزۈمگە ياش ئېلىپ. رەھىمە ئاچام ئۈچ ئاي ئىلگىرى كېسىلى

شىپا تاپالماي، ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى .
ــ قاراڭ بۇ ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن قىزچاقنىڭ ھەرىكىتىگە،ئۇنىڭ ئاپىسىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىگە! بۇخىل مۇھەببەتنى بىز چوڭلار چېغىمىزدا ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمىز.خىزمەت ئالدىراشلىقنى باھانە قىلىپ،ئاتا ـ ئانىمىزنى ئايدا بىر قېتىممۇ يوقلاپ قويمايمىز.سېغىنسىپ تېلېفون قىلسا،توڭ تېگىپ تېلېفوننى قويۇپلا ،سورۇنغا يۈگرەيمىز.تاكى ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغاندىلا،ئاندىن ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ھەققى كۆيۈنچىمىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدىكەنمىز.ئۇلارنىڭ سىلاشلىرىنى ،قاراشلىرىنى سېغىنسىپ ،قانغۇچە بىر پۇرىۋېلىشقا زار بولغان چېغىڭىزدا،ئۇلار يوق،سىز كېچىكككەن. ئەمدى سىزنىڭ باللىرىڭىز سىزنى زار قاخشىتىپ،ئاتا ـ ئانىڭىزدىن ئاياپ تاپقان پۇللىرىڭىزنى بۇزۇپ ـ چېچىپ،ئويۇنغا،بۇزۇقچىلىققا كىرىشىپ كېتىدىكەن.كېچە ـ كېچىلەپ«بالام نەلەردە يۈرۈيدىغاندۇ؟»دەپ ئۇخلىماي چىققىنىڭىز بىلەن كارى يوق ،پۇلى تۈگىگەندە پەيدا بولۇپ يەنە پۇل سوراپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدىكەن،ئاتا ـ ئانا مېھرى دىگەن شەخسىيەتسىز بولىدىكەن،شۇنچە ئەسكىلىك قىلسىمۇ،يەنە شۇ بالىدىن كەچكىلى بولمايدىكەن.مۇشۇنداق چاغلاردا ئاتا ـ ئانا قەدرى ئۆتۈلۈپ، زار ـ زار يىغلايدىغان گەپكەن.ــ دېدى دوختۇر ھەدە كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ .
كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتمەكتە.ئۇ قىزچاق دۇكانغا كۈندە بىر قېتىم كىرىپ،تاتلىق كۈلكىسى بىلەن ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز گېپىنى قىلىپ قويۇپ ،مەن سوۋغا قىلغان كەمپۈت ـ شاكىلاتلارنى ئېلىپ،دوختۇرخانىغا قاراپ يۈگرەيدۇ.ئەمدى ئۇ پارچە پۇللىرىنى مومىسىغا بېرىپ يىغىپ،مومىسىغا كۆينەك ئېلىپ بەرمەكچى .
روزا ھېيت كۈنى دۇكانغا ماللارنى تىزىش بىلەن ئالدىراش ئىدىم ،«ھەدە!»دىگەن تونۇش ھەم تاتلىق ئاۋاز ئاڭلاندى .
كەينىمگە بۇرۇلۇپ،ئۇنى كۆردۈم.ئۇنىڭ چاچلىرى چىرايلىق ياسىتىلغان،باش ـ كۆزلىرى يۇيۇلۇپ،چىرايلىق كىيىملەر كىيدۈرۈپ قويۇلغان بولۇپ،بەكلا ئوماق بولۇپ كەتكەن ئىدى .
ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم نادىرە،ھېيتىڭىزغا موبارەك بولسۇن! ھەجەپ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟بۇ كىيىملەرنى كىم ئېلىپ بەردى؟ــ دىدىم ئىچىم كۆيۈپ .
ــ سىزگىمۇ موبارەك بولسۇن! بۇنى مومام ئېلىپ بەردى، قاراڭ !ماڭا داداشلار جىق پۇل بەردى.مەن بۇلارنى دوختۇر ئاپاشقا بەسەم،ئاپامغا بېرىپ قويامدۇ؟ــ دېدى ئۇ ئۈمىد بىلەن.كىچىككىنە يۈرەكتىن چىقىۋاتقان ،بۇ سەبىنىڭ سۆزى يۈرىگىمنى ئۆرتىۋەتتى .
ــ دوختۇر ئاپاشنى ياخشى كۆرەمسىز؟
ــ ھەئە، ئۇ بەك ياخشى.ــ دىدى قىز كۈلۈپ تۇرۇپ .
ــ دوختۇر ئاپاشمۇ سىزنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن.كىرىپ ئاپاشنىڭ ھېيتىنى موبارەكلەپ قويغاچ،ئاپىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ چىقىڭ بولامدۇ؟ــ دىدىم مەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ .
ــ ئاپامنى ئۇخلاپ قاغاندا كۆگەنتىم.بەك چىرايلىق بوپ كېتىپتۇ.مەن ئەتە ئاپامنىڭ يېنىغا بارىدىكەنمە.ــ ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپلا ،يۈگۈرۈپ دوختۇرخانىغا كىرىپ كەتتى. بىر ھازادىن كيىن ئۇ بىرمۇنچە سوغاتلارنى كۆتۈرۈپ يېنىپ چىقتى،ۋە» ھەدە! مەن ئەتە ئاپامنى كۆرىدىكەنمەن!»دەپ دوستلىرى بىلەن پەسكە يۈگۈرۈشۈپ كەتتى ...
ئارىدىن بىرەر –ئىككى سائەت ئۆتكەنمىكىن،كىشلەرنىڭ ھەممىسى ئوپۇل ـ تопۇل بولۇشۇپ پەسكە قاراپ يۈگۈرۈشتى.مەنمۇ نىمە ئىش بولغانلىقنى بىلىش ئۈچۈن،دۇكاننى ئېتىپلا ،پەس تەرەپكە يۈگۈردۈم .
بىر كىشى كىيىملىرىدىن سۇ تامچىپ تۇرغان، بىر بالىنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ كىشىنىڭ دىيىشىچە بۇ بالىنى خېلى يىراق يەردىن سۈزىۋاپتۇ،ئۈچاغدا ئۇنىڭ ئالىلقاچان نەپسى توختاپ بولغان ئىكەن.ئۇ ئەسلىدە دوستلىرى بىلەن ئويناۋېتىپ سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.ئۇ يەردە چوڭلار يوق ئىكەن ،قورقۇپ كەتكەن باللار چوڭلارغا مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇپ بولغىچە،بۇقىزچاق ئاللىقاچان ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان ئىدى. مەن ئۇنى كۆرۈپلا يۈرۈگۈم ئاغزىمغا قاپلىشىپ قالدى.يۈرۈگۈم پۇچۇلاندى ،كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش ئاقاتتى.ئۇنى تونۇدۇم،ئۇ نادىرەكەن.ئۇنىڭ يۈزىدە بىلىنەر –بىلىنمەس كۈلۈمسىرەش قېتىپ قالغان ئىدى.ئۇ ئەمدى ئاپىسى بىلەن كۆرۈشەلەيدىغانلىقىدىن خوش بولۇپ كۈلۈمسىرەۋاتامدىغاندۇ؟
قىزنىڭ مىيىتى ئەتىسى جۈمە كۈنى ئاددىيلا ئۇزىتىلدى.بۇ قىزچاقمۇ بارا ـ بارا تىرىكلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.لىكىن ئۇنىڭ ھەققى مېھىر ـ مۇھەببەتنى قەلبىمىزگە ھېس قىلدۇرغان ھاياتى، مېنىڭ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق.ھەر قېتىم ئۇنى ئەسلىگىنىمدە ۋۇجۇدۇم ئاجايىپ بىر گۈزەل سېزىم ئىچىدە لەرزىگە

كېلىدۇ. كۆزلىرىمگە ياش تولدۇ. ئۇنىڭغا غايىبانە شۇنداق دەيمەن :

ـــ خاتىرجەم يېتىڭ نادىرە! سىز بىر كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغان ، مېھرىبان ئانىڭىزدىن بۆلەك يەنەشۇ مېھرىبان ئانىڭىزنى سىزگە يارىتىپ بەرگەن شەپقەتلىك الله مۇ سىز بىلەن بىللە !

ئاخىرقى سۆز

پاكلىق، مۇھەببەت، ساداقەت ئىنساننىڭ تەبىئىتى. ئەمەلىيەتتە ھەممىمىزنىڭ باللىرى خۇددى نادىرەدەكلا، ئەقىللىق. ئۇلارنىڭ قەلبى مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان بولىدۇ. لېكىن ئۇلار چوڭ بولغانسىرى ئەسلى تەبىئىتىدىن يىراقلاپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز خاتا تەربىيە ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئەسلى تەبىئىتىنى بوغۇپ قويغان، بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇنى كۆمۈۋەتكەن. باللىرىمىز ھەققى دىيانەتلىك ، شەرمى ـ ھايالىق، ۋاپادار، كۆيۈمچان بولسۇن دېسىڭىز، ئاۋۋال ئۆزىڭىزھاللىق بىلەن ياشاڭ، ئۇلارغاھالالنى يىگۈزۈڭ، ئىمانلىق بولۇڭ، ئۇلار قەلبىگە ئىماننى سىڭدۈرۈڭ . يۈرەك پارىڭىزنى ئىبلىسقا تۇتقۇزۇپ قويماڭ!

# زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئايال زىيالىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى

**خۇرشىدە ئابلىمىت**

*ئىلاۋە: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 60 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر ئايال زىيالىيلار قوشۇنى كىچىكلىكتىن زورىيىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان مۇھىم كۈچ بولۇپ قالدى. مەن بۇ ماقالەمدە بىر قىسىم ئۇيغۇر ئايال زىيالىيلىرىنىڭ 30 يىل مابەينىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى، يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى، ئەسەرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.*

بۇ دۇنيا يارىلىشىدىنلا ئەرلەر ۋە ئاياللار بىلەنلا بىر پۈتۈنلۈككە، چوڭقۇر ۋە ئاجايىپ مەناغا ئىگە بولۇپ، ئاياللارسىز بۇ دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلىش، بۇ دۇنيانى مەۋجۇت دەپ قاراش مۇمكىن ئەمەس. ئاياللار جەمئىيەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئاياللار تارىختىن بۇيان زىممىسىدىكى يۈك قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ، ئاياللىق بۇرچىنى، ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشقان. دۆلەت، مىللەت ۋە ئائىلە ئۈچۈن قۇربان بەرگەن. شۇڭا، ئاياللار ئائىلىنىڭ ئانىسى، مىللەتنىڭ ئانىسى، جەمئىيەتنىڭ ئانىسى ھەم شۇنداقلا دۇنيانىڭ ئانىسى، دەپ شۆھرەتلەنگەن.

ئۇزاق تارىخىمىزنى ئەسلەيدىغان بولساق، ئۇيغۇر ئاياللىرى تارىختا ئۆزىنىڭ يېرىم دۇنيالىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن چېلىقارلىق تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى. بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرى ئۆتكەن باتىسقان (ئوماي) ئانا، جىۋا (مىلادى 4–ئەسىردە كۇسەندە ئۆتكەن)، سىمدا (10–ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن) شاۋگۇەنىين (11–ئەسىردە ئۆتكەن) شاۋ سى سى (12–ئەسىردە ئۆتكەن)، شى لەن لەن باخشى (14–ئەسىردە قوچۇدا ئۆتكەن)، كۆن سۈنچى قىزى (13–ئەسىردە ئۆتكەن)، ئامانىسا (15–ئەسىردە يەكەندە ئۆتكەن)، زۇلەيخا بېگىم (يەكەندە ئۆتكەن)، زۇلفىيە كاشغەرى، بى بى مەسۇم ئەزىزەم (18–ئەسىردە يەكەندە ئۆتكەن)، مۇتىربە (19–ئەسىردە پەرغانىدە ئۆتكەن)، نۇزۇگۇم (19–ئەسىردە قەشقەردە ئۆتكەن)، ئاخۇن ئاغىچا (19–ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن)، ھەمرا بۇۋى (19–ئەسىردە ئاتۇشتا ئۆتكەن)، زۇمرەت (19–ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن)، قەشقەر قىزى ۋە ئايشەم بۇۋى، مېھرىبانۇ ۋاڭ (19–ئەسىردە غۇلجىدا ۋە قۇمۇلدا ئۆتكەن)، راھىلە (19 ـ ، 20–ئەسىردە ئاتۇشتا ئۆتكەن)، رىزۋانگۇل (20–ئەسىردە غۇلجىدا ئۆتكەن)... قاتارلىق ئانىلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەھمىيەتلىك ھاياتى پائالىيەتلىرى ۋە ئەجىر ئەمگەكلىرى بىلەن قەلب تۆرىمىزدىن يۇكسەك ئورۇن ئالغان ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 60 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 30 دىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇيغۇر ئاياللىرى دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن ساھەلىرىدە چېلىقارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ دۆلەتكە ۋە مىللەتكە شان ـ شەرەپ كەلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ

ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ھەم ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش چاقىرىقىغا بىردەك ئاۋاز قوشۇپ، خەلقىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولدى.

60 يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر ئايال زىيالىيلىرى ئۆز ساھەسىدە تىرىشىپ ئىزدىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئۆزىنىڭ كەسپى جەھەتتىكى ئىستىداتىنى نامايان قىلىپ كەلدى. نۇرغۇن ئۇيغۇر ئايال زىيالىيلار ئۆز ساھەسى بويىچە قىممەتلىك ئەسەرلەرنى نەشىردىن چىقاردى. ئۇلارنىڭ بۇ نەتىجىلىرىگە قاراپ، ئۇيغۇر ئايال زىيالىيلىرىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىۋاتقان غايەت زور بىر كۈچ، دەپ كېسىپ ئېيتىشقا تامامەن بولىدۇ. ئۇلار پەن ساھەسىدىكى نۇرغۇن بوشلۇقلارنى ئۆزىنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى بىلەن تولدۇرۇپ، يېڭى مەزمۇن، يېڭى سەھىپە يارىتىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە، ئەدەبىياتىغا، تۇرمۇشىغا ۋە تارىخىغا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. بۇنىڭ دەللىلى سۈپىتىدە ئاز ساندىكى بىر تۈركۈم ئايال تۆھپىكارلاردىن: ئامىنە غاپپار، سائادەت ئىمىن، مەريەم سەپەربايىۋا، نۇرىيە ئېلاخۇن، ھۆرنىسا تۇردى، رىسالەت ھەسەن، تاجىگۈل ئابدۇۋايىت، مېھرىنىسا ئابلىمىت، خاسىيەت ھاجىۋا، ھەجەر قادىر، رۇقىيە ھاجى، تۇرسۇنئاي ساقىم، ھەجەر سايىتىۋا، ئايشەم ئەخمەت، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، تۇرسۇنئاي يۇنۇس، ئاتىكەم زەمىرى، رىسالەت ناسىر، ئايشەم ھوشۇر، تاجىگۈل مۇھەممەد، مەريەم مەمتىمىن، خالىدە ئىسرائىل، ماھىنۇر ھاجى ياقۇپ، دىلبەر قېيۇم، ھەنىپە ئابدۇللا، پەرىدە ئەمىن، سارەم ئىبراھىم، مىنەۋەر ھەبىبۇللانۇر، چىمەنگۈل ئاۋۇت، رىزۋانگۈل يۈسۈپ، ئايىسمە ئىدرىس، غەلبە مۇھەممەد، قۇندۇز مۇھەممەد، گۈلباھار ناسىر، رىسالەت مەردان، رەيھان قادىر، رەيھانگۈل مامۇت، بىلقىز سۇلايمان، ئامىنە ئابدۇرېشىت، مۇھەببەت قاسىم، ئاسىمە نىياز، راھىلە داۋۇت، مەھبۇبە رەھىم، ۋېنىرا مۇساجان، ساھىبجامال دۆلەت، پاتىگۈل ماخمۇت، چىمەن نەجمىدىن، مۇنىرە ئابلىمىت، چىمەن يۇنۇس، بۇھەجەر، ئايشەم روزى، گۈلپەرى ئابدۇللا، دىلنار توختى، رەنا قاسىم، ئادالەت قاسىم، لالە سۈزۈك ھاجى، چىمەنگۈل ھوشۇر، گۈلنار ئابابەكرى، خاسىيەت ئەلى، گۈلباھار قادىر، خۇرشىدە ياقۇپ، گۈلزار مەمتىمىن، شەمشىنۇر، پاتەم، جەملە ئاپپاي، زەينىسا ئابلەت، گۈلباھار غوپۇر، خۇرشىدە غوپۇر، مۇنىرە غوپۇر، خۇرشىدە تۇردى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

بۇلارنىڭ بەزىلىرى يازغۇچى، شائىر، تەتقىقاتچى، دىكتور، تەرجىمان، تەھرىر، مۇھەررىر، رىياسەتچى. بەزىلىرى ئوبزورچى، مۇخبىر، ژۇرنالىست، دوختۇر، ئوقۇتقۇچى ۋە ئارتىس. ئىشقىلىپ ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىن بار. ئۇلارنىڭ مىللەتكە، دۆلەتكە قوشقان تۆھپىسى ئاز ئەمەس. بىز زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئايال زىيالىلىرىنىڭ بۇندىن كېيىن داۋاملىق تىرىشىپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇر ئايال زىيالىيلىرى ئۆزىنىڭ بۈرچىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارماي، كەسپى ساھەسىدە چېلىقارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى شۇنىڭدەك قوشقان تۆھپىلىرىنى تەپسىلي تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمدى بىز ئەدەبىيات ساھەسىدە ئۆزىنىڭ سەمەرىلىك ئەمگەكلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلب تارىنى تىترىتىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئايال ئەدىبلىرىمىزدىن ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن يازغۇچى، ژۇرنالىست، ئوقۇتقۇچى، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ تارىخىي رومان يېزىپ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تارىخىي رومان يېزىش جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇرۇپ، ئەدەبىيات تارىخىغا يېڭى ئابىدە تىكلىگەن ھارماس تۆلپار، «تۆھپىكار ئانا ئەدىب» ئايشەم ئەخمەتنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

ئايشەم ئەخمەت خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلدۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ 10 مىڭ كۇبلېتتىن ئارتۇق خەلق قوشاق ـ بېيىتلىرىنى توپلاپ ئىككى توپلام نەشر قىلدۇرغان ھەم «ئۈچ توپلام» خىزمىتىگە ياردەملىشىپ ئۆزى توپلىغان قوشاق، بېيىت، ماقال، تەمسىل، قۇمۇل خەلق داستانلىرىنى ۋە چۆچەكلىرىنى «ئۈچ توپلام»غا تەقدىم قىلغان. قۇمۇلنىڭ تارىخىنى، ئەنئەنىلىرىنى، مەدەنىيىتىنى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، ئېتنىك ئالاھىدىلىكىنى ۋە تىل شىۋىلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە «ئۆچمەس ئىزلار»، «مۇھەممەد بىشىر چىڭۋاڭ» قاتارلىق تارىخىي رومانلارنى، «مېھرىبانۇ ۋاڭ» ناملىق تارىخىي دىرامىنى، قۇمۇلنى تونۇشتۇرىدىغان بىيوگرافىك كىتاب «قۇمۇل»نى، خانىم ـ قىزلارنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈش ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەش مەقسىتىدە يازغان «خانىم ـ قىزلار دەستۇرى»، «قىزلار دەستۇرى» ناملىق كىتابلارنى، «باغداش چېچەكى»،

«مەلىكىنىڭ مەڭزىدىكى داغ»، «قارا چامادان»، «بۇلۇت يىرىپ چىققان ئاي»، «چەت ئەلدە توقۇلغان ھېكايىلەر» ناملىق پوۋېست، ھېكايە توپلاملىرى، چاتما ھېكايە، «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئۇنىڭ تېكىستلىرى ھەققىدە»، «‹مايتىرى سىمىت› ھەققىدە مۇلاھىزە»، «ئۆز ئابىدىسىنى تىكلەپ كەتكەن ئالىم»، «چۈشىنىش ھەققىدە»، «قۇمۇل خەلق مەشرەپلىرى ھەققىدە»، «تۇرسۇنئاي ھۆسەيىننىڭ ئاياللار ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى» قاتارلىق 100 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، پوۋېست، نەسر، ئاخبارات ئەدەبىياتى، ئوچېرىك ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى ۋە نەشر قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چەت ئەلدە چىقىدىغان گېزىت ۋە ژۇرناللاردىمۇ يەتتە پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر ئېلان قىلدى. ئون پارچىدەك ئەسىرى قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇكاپاتلاندى. ئايشەم ئەخمەت 2004– يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئاياللىرى رېداكسىيەسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتتە «تۆھپىكار ئانا ئەدىب» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. قۇمۇل ۋىلايىتىدە «تۆھپىكار مۇھەررىر»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئىككى قېتىم «مۇنەۋۋەر مۇھەررىر» بولۇپ باھالاندى. «ئەجرىنىڭ تېگى ئالتۇن» بولغىنىدەك ئايشەم ئەخمەتنىڭ بۇ تۆھپىلىرى ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدا مەڭگۈ ئۆچمەس بىر يورۇق چولپان يۇلتۇز بولغۇسى. ئايشەم ئەخمەت يۇقىرىقى ئەمگەكلىرى شەرپىگە «جۇڭگو ھازىرقى زامان مەشھۇر مۇھەررىرلەر قامۇسى»غا، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى»غا، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پىروفېسسورلىرى قامۇسى»غا، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدىبلىرى قامۇسى»غا كىرگۈزۈلدى.

ئايشەم ئەخمەت يەنە «جۇڭگو ئۇيغۇر مەشرەپلىرى» ناملىق 31 قىسىملىق ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ «قۇمۇل ئوردا مەشرىپى»، «كۆك مەشرىپى» دېگەن قىسمىنىڭ سىنارىيىسىنى يېزىپ چىقتى. ئايشەم ئەخمەت ۋە باشقا تۆھپىكار كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئەجىر ئەمگىكىنىڭ شاراپىتىدىن بۇ 31 قىسىملىق ئۇيغۇر مەشرەپلىرى 2010 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاغزاكى قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى جىددىي قۇتقۇزۇش، قېزىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش توغرىسىدىكى تەستىقىغا ئېرىشتى. يازغۇچى ئايشەم ئەخمەتنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچۈن كۆپ تەر تۆككەن ئەدىبلەرنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئايشەم ئەخمەت ھازىر «قۇمۇل مۇقام مەشرەپلىرى» دېگەن يىرىك ئەسىرىنى تاماملاش ئالدىدا تۇرماقتا.

مەرھۇم تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا بىر ئۆمۈر شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، شېئىرلىرى بىلەن ئاياللارنىڭ قەلب كۈيلىرىنى ئىزھار قىلغان، باللارنىڭ يۇمران قەلبىگە قەلەم دۇردانىلىرىدىن قۇياش نۇرىنى تۆككەن، تۆھپىكار ئانا ئەدىبتۇر.

تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن ئاياللار، باللار توغرىسىدا ئەڭ كۆپ ئەسەر يازغان، ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ھەسسە قوشقان. ئۇ دەسلەپىدە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ سەر خىل ئەسەرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان. تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن ئۆز ھايات مۇساپىسىدە يازغۇچى، شائىرە، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، مۇھەررىر بولۇپ ھاياتىنى ئاياللار، خانىم ـ قىزلار، باللارنى كۈيلەشكە بېغىشلىدى. «جىنىستە»، «گۈل نىھال»، «بۇلبۇل ناۋاسى»، «چىغىر يول»، «سەھرادىن كەلگەن قىزچاق»، «باللىقىم»، «سەھرا نەزمىلىرى»، «قارا قۇشقاچ»، «توققۇز پارچە سۈرەت» قاتارلىق داستان، ھېكايە ۋە باللار ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇردى. 1000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يازدى، پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن 2004– يىلى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئاياللىرى رېئاكسىيەسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان مۇكاپاتلاش مۇراسىمىدا «تۆھپىكار ئانا ئەدىب» مۇكاپاتىغا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە «باللار ئەدەبىياتى تۆھپىكارى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن. بۇ شەرەپ مەرھۇمە تۇرسۇنئاي ھۆسەيىنگە خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن بېرىلگەن ھەقىقىي بىر ئەجىر سوۋغىسىدۇر.

مەن تۆۋەندىكى شېئىرىمنى تۇرسۇنئاي ھۆسەيىنگە بېغىشلايمەن:

يامغۇر بولۇپ ياغدىلا گۈللەر سۇغا قانسۇن دەپ،
ئانىلارنىڭ مېھرىدىن گۈل مايسىلار ئۈنسۇن دەپ،
ھەر ئىنسانغا ئانىلار قۇياشتەك نۇر چاچسۇن دەپ،
قەلبىمىزدە يادلانسۇن تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن دەپ.

500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يازغان ئانا ئاز،
داستانى بار ئون پارچە قەلەم تۇتقان قولمۇ ئاز.
ئەجرىدىن ئالتۇندەك قۇرلارنى يازغان ئۇ ھەم ساز،
ھەممە ئانىغا نېسىپ بولماس «تۆھپىكار» دېگەن بۇ تاج.

قايرىلدى چىنار شېخى ئانا ئەدىب غولىدىن،
كەتتى بىزدىن قانچىسى تۆھپىكارلىق ئۆيىدىن.
«ئانىلار قەلبى» يىغلىدى «ساھىبجامال قىز» ئۆچۈن،
ئەلۋىدا ئەلنىڭ قىزى ئۇيغۇر يىغلار سىلى ئۈچۈن.

تۇرسۇنئاي ساقىم ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان ۋە ئىجتىھاتلىق تەتقىقاتچى، جۇڭگو خەلقئارا رادىيو ئىستانسىسى تۈركچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ تۈرك تىلى دىكتورى ۋە تەرجىمانى بولۇپ، ھايات ۋاقتىدا مەملىكىتىمىزنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە قوشقان. تارىخىي ئەسەرلەرنى قېزىش، رەتلەش، قايتا نەشر قىلىش ۋە تەرجىمە قىلىش جەھەتلەردە چوڭقۇر ئىزدىنىپ چېلىقارلىق نەتىجىلەرنى ياراتقان. خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئۇيغۇر ئاياللىرىغا ۋەكىل بولۇپ ئىلمىي ماقالە ئوقۇغان قابىل تەرجىماندۇر.تۇرسۇنئاي ساقىم «چالىقۇشى»، «مەمەت ئاۋاق»، «جۇۋىلىق خانىم»، «ئۆكسۈش»، «ئۇيقۇسىز كېچىلەر»، «سۇسىز ياز»، «ئېچىنىش» قاتارلىق رومان ھەم پوۋېستلارنى تۈركچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئىلمىي ۋە تارىخىي ئەسەرلەردىن «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، «بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى»، «قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتى» قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلغان. شۇنداقلا ئېلىمىزدىكى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ تۈرك ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇرغان. 1992 ـ يىلى تۈركىيە دۆلەتلىك فولكلور جەمئىيىتى تەرىپىدىن «تۈركىيە خەلقى بىلەن جۇڭگو خەلقى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان شەخس» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە نائىل بولغان. 2004 ـ يىلى شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئاياللىرى رېداكسىيەسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتتە «تۆھپىكار ئانا ئەدىب» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ نامى «جۇڭگو ئىختىساس ئىگىلىرى قامۇسى» ۋە «21 ـ ئەسىردىكى ئىختىساسلىقلار ئامبىرى» قاتارلىق قامۇسلارغا كىرگۈزۈلگەن. تۇرسۇنئاي ساقىم ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماي، تۆت قېتىم خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان ھەمدە 11 پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان.

تۇرسۇنئاي ساقىمنى بىر كۇپلېت شېئىر بىلەن ياد ئەتمەكچىمەن.

«چالىقۇشى»، «مەمەت ئاۋاق» تۈركىيەدىن كۆچتى بىللە،
يىغلاتتىڭىز قانچە كۆزنى مۇھەببەت ئوتى ئۆچتى بىللە.
«ئانا يۇرتتىن ئاناتولىيە بويلىرىغىچە» تۆھپىڭىزدۇر ئانا ئەدىب،
تۇرسۇنئاي ساقىم ئۈچۈن يىغلايدۇ يۈرەك بىللە.

تۇرسۇنئاي يۇنۇس ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ ئۆزىنىڭ ھېكايە، پوۋېستى، ئەدەبىي ئاخبارات، ئىجتىمائىي خەۋەرلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان يەنە بىر تۆھپىكار ئانا ئەدىبتۇر. تۇرسۇنئاي يۇنۇس ئارتىس، پىرىكازچىك، مۇخبىر، تەھرىر، شائىرە ھەم يازغۇچى بولۇپ ئەدەبىياتىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا

چېلىقارلىق تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقان تونۇلغان ئايال يازغۇچىلىرىمىزدىن بىرى.

تۇرسۇنئاي يۇنۇس ئاخبارات سېپىدە ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ بالدۇر مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇللانغان ھەم 500 پارچىدىن ئارتۇق تەسۋىرى خەۋەر، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئىجتىمائىي خەۋەر يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە 50 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى گېزىتتىن باشقا شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى ۋە ئۈرۈمچى خەلق رادىيو ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئاڭلىتىلىپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىغان. ئۇنىڭدىن باشقا خەلقىمىز ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىم، تەتقىقاتچى، يازغۇچى، شائىر، دوختۇر، پەن –تېخنىكا خادىمى، مائارىپچىلاردىن بولۇپ 50 نەچچە كىشىنىڭ ئىش – ئىزلىرىنى گېزىتتە تونۇشتۇرغان، يازغۇچى تۇرسۇنئاي خانىمنىڭ ئەسەرلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەللەردىمۇ خېلى تەسىرگە ئىگە. ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان گېزىت ـ ژۇرناللىرىدىمۇ ئېلان قىلىنغان. تۇرسۇنئاي يۇنۇس 2004 ـ يىلى «كارۋان ئىزى» ناملىق رومانىنى ۋە ئۇيغۇر ئۇسسۇل تارىخىغا چوڭقۇر ئۇل سالغان، خەلقئارادا شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك قىزى، ئۇسسۇل پېشۋاسى قەمبەرخانىمنى تونۇشتۇرۇپ يازغان «قەمبەرخانىم» ناملىق بىيوگرافىك ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى، ئۇ يەنە «ۋەتەن سۆيگۈسى» ناملىق رومانىنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا تاپشۇردى. تۇرسۇنئاي يۇنۇس 2004 – يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئاياللىرى رېداكسىيەسى تەرىپىدىن بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتتە «تۆھپىكار ئانا ئەدىب» دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن مۇكاپاتلاندى.

ماھنۇر ھاجى ياقۇپ خەلقىمىزگە مەنىۋى ئوزۇق بېرىش يولىدا ھارماي ـ تالماي ئىزدىنىۋاتقان ئاتاقلىق تەرجىمان، تېلېۋىزىيە فىلمى تەرجىمە تەھرىرلىكىدىكى ئىجتىھاتلىق باشلامچىدۇر. ماھنۇر ھاجى ياقۇپ ھازىرغىچە «بۈيۈك ھەل قىلغۇچ جەڭ»، «لياۋشىن ئۇرۇشى»، «خۇۋەيخەي ئۇرۇشى»، «پىڭجىن ئۇرۇشى»، «كۆزلۈك يىغىم قوزغىلىڭى»، «مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى دەۋر»، «جىڭگاڭشەن»، «ئۇرۇشتىن كېيىن»، «قىزىل قۇياش»، «جاۋيۈلۈ» قاتارلىق 500دىن ئارتۇق كىنو فىلىمىنى تەرجىمە قىلغان. 1800دىن ئارتۇق كىنو فىلىمىنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەن. «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا»، «غەربكە ساياھەت»، «دوك ۋەزىر ليۇ يۈڭ»، «يۇڭجېڭ خاندانلىقى»، «كاڭشى خاندانلىقى»، «چيەنلۇڭ خاندانلىقى»، «تەيپىڭ تيەنگو»، «چىڭگىزخان»، «تاڭ پادىشاھى شۈەنزۇڭ»، «شەھەرىستاندا زاۋال»، «كاڭشىنىڭ ئەل ئىچىدىكى خۇپىيانە زىيارىتى»، «تەدبىركار جى شاۋلەن»، «شەھەرىستاندا بەربات بولغان چۈش» قاتارلىق 1000 قىسىمدىن ئارتۇق كىلاسسىك تارىخىي تېمىدىكى تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ تەرجىمىسى ۋە تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەن. 3000 قىسىمدىن ئارتۇق ھازىرقى زامان تېمىسىدىكى تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ تەرجىمە تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەملىكەت دەرىجىلىك «ئۈچقۇر ئەجدىھا مۇكاپاتى»، «تۇلپار مۇكاپاتى»غا، بەزى ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ساماۋى كۆۋرۈك»، «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات سەنئەت مۇكاپاتى» قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ مۇنەۋۋەر تەرجىمە فىلمى بولۇپ مۇكاپاتلانغان. ماھنۇر خانىم تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن باشقا جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخىنىڭ 9 ـ تومى يەنى «مىڭ، چىڭ سۇلالىسى قىسمى»نى تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقتى. مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ تەكلىپى بىلەن نوبىل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈرك يازغۇچىسى ئورخان پاموكنىڭ تۈركچىدىن تەرجىمە قىلىنغان «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل»، «بېيجىڭ» ناملىق ئەسىرىنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا تەتقىقات جەھەتتە «تەرجىمە فىلىملىرى ۋە تەرجىمە تىلى توغرىسىدا»، «تەرجىمە سۈپىتىنى تۆزىتىشتىكى مۇھىم ئامىللار»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ تىل ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلىشى»، «تارىخىي فىلىملەر تەرجىمىسى»، «زامانىمىز ئاخباراتچىلىقى» قاتارلىق ماقالىلىرى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە مەملىكەتلىك ئاخباراتچىلار ئىلمىي جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «شىنجاڭ مىللىي كىنوچىلىقى ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرچىلىقىنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى توغرىسىدا»، «ئۇنۋان ماقالىسىنى قانداق يېزىش كېرەك؟» دېگەن ئىككى پارچە ماقالىسى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «راخمان ماھمۇتنىڭ تەرجىمە كەسپىدىكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە»، «ئەدەبىي تەرجىمە ھەققىدە ئومۇمىي بايان» قاتارلىق ماقالىلىرىمۇ ئوقۇرمەن، تەتقىقاتچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە ياش ئەدىب، تەرجىمانلارنى تەربىيەلەش يۈزىسىدىن «ئەدەبىي تەرجىمىلەر تەھرىراتى» ئۇيۇشتۇرغان كۇرسلارغىمۇ تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىن دەرس بەرگەن.

ماھنۇر ھاجى ياقۇپ يېقىندا «مۇقام تۆھپىكارى ـــــ ۋەنتۇگشۇ» ناملىق رومانىنى تەرجىمە قىلدى. 11 توملۇق تارىخىي رومان «بۈيۈك چىڭ ئىمپېرىيەسى»نىڭ 3 ـ تومىنىڭ تەرجىمىسىنى جىددىي ئىشلەۋاتىدۇ.

يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل ئۆزىنىڭ بىر تۈركۈم سىر خىل ئەسەرلىرى بىلەن كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالغان شۇنداقلا يېڭى دەۋر پىروزىچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشقان ۋە ئىجادىيەتتە پەللە ياراتقان مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئىپ، ھايات»تىن باشلانغان «ئانا»، «ئويغىنىش»، «ئەڭ گۈزەل خاتىرە»، «يىلتىز»، «تىمتاس شەھەر»، «ئوربىتا»، «مەختۇمسۇلا»، «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، «رەڭدار قويۇن»، «باھاردا ياغقان قار» قاتارلىق پوۋېست، ھېكايىلىرى نۆۋەتتىكى ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ بۇ ھېكايىلەر پوۋېستلىرى بىلەن ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ پىنھان ۋە ئەڭ نازۇك روھىي تۈگۈنلىرىنى سۈرەتلەپ بېرەلەيدىغان، چۈچۈك تىلى بىلەن كىتابخانلار قەلبىنى لەرزىگە سالالىدى.

خالىدە ئىسرائىلنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى ئۇنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى» ناملىق پوۋېستىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. «قۇملۇقنىڭ چۈشى» يازغۇچىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسەك پەللىسى سۈپىتىدە كىتابخانلار تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشلاندى. خالىدە ئىسرائىلنىڭ توختاپ قالماي داۋاملىق شۇنداق ياخشى ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىغا تىلەكداشمىز.

چىمەنگۈل ئاۋۇت ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ بوسۇغىسىنى ئاتلىغۇچى ئىقتىدارلىق ھەم ئىپتىخارلىق، شېئرىيەتتىكى تەپەككۇرى ھازىرقى زامان ياشلىرى ئارىسىدا ئۆزگىچىلىك ئىگە بولغان، قەلەم قۇۋۋىتى كۈچلۈك، تەسۋىرلەش روھىغا باي ياش ئەدىبلەرنىڭ بىرى. چىمەنگۈل ئاۋۇت «تەتۈر چېقىن» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، «قىساس غۇنچىسى»، «تاش ياپراق»، «بارسا كەلمەس يول» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرىنى ھەم «شور دەريانىڭ ئۇ تەرىپى» ناملىق داستانىنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە «شور دەريانىڭ ئۇ تەرىپى» ناملىق داستانى 14 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا، «بارسا كەلمەس يول» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 2008 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر «تۇلپار ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. ئۇ ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن كۆپ تەرەپلىمە ئىلگىرىلەپ ئەدەبىياتنىڭ بىر قىسمى بولغان سەنئەتكىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، ناخشا تېكىستى MTV پىلاستىنكىسى، كىنو پىلاستىنكىسى تېكىستلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن، چىمەنگۈل ئاۋۇت تېكىستىنى يازغان ئاتاقلىق ناخشىچى ئىززەت ئىلياس ئورۇندىغان «سىم ـ سىم يامغۇر» ناملىق ناخشا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مودا ناخشىلار مۇسابىقىسىدا «ئالتۇن مۇكاپات»قا ئېرىشكەن. شىنجاڭ قارلۇق مېدىيا پەن – تېخنىكا چەكلىك شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن «مۇھەببەت مەنزىلى» ناملىق ئىككى قىسىملىق كىنو پىلاستىنكىسىمۇ 2010 – يىلى بازارغا سېلىنىپ كۆرۈرمەنلەر ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. ياش شائىرە چىمەنگۈل ئاۋۇت 2004 ـ يىل شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق «ئاياللار ئەدەبىياتى» مۇھاكىمە يىغىنىدا «شىنجاڭدىكى ئون مەشھۇر ئايال ئەدىب»نىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان. يېڭى تىزىلغان دەستە ـ دەستە گۈللەرنى كۆتۈرۈپ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىغا يېڭى مەزمۇنلارنى قوشقۇچى چىمەنگۈل ئاۋۇتنىڭ يېڭى ئىجادىيىتىگە بارىكاللا.

ماقالەمنىڭ بۇ قىسمىدا ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن ئەدەبىيات گۈلزارىمىزنىڭ رەڭمۇرەڭ گۈل چېچەك جەۋھەرلىرى بىلەن گۈزەللەشتۈرۈۋاتقان ئاتىكەم زەمىرىنىڭ «قۇياشقا يېقىن كىشىلەر»، «مۇز تاغنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» (تۇلپار مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن)، خالىدە ئىسرائىل خانىمنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، غەلبە مۇھەممەدنىڭ «قار ياغقان كېچە»، گۈلباھار سىدىقنىڭ «زامان ئاخىرنىڭ ئاياللىرى»، گۈلباھار ناسىرنىڭ «سۆيۈلمىگەن قارا كۆزلەر»، رىزۋانگۈل يۈسۈپنىڭ «قىزارغان سەھرا»، «سۆيگۈ مەنزىلى»، «يېشىل ئارمان»، پاتىگۈل ئىمىنىنىڭ

«سەنسىز»، ماھنۇر ئابلىكىمنىڭ «ساداقەت»، «تۇمان تارىغان سەھەر»، زۇلپىيە كۆلتېكىننىڭ «كۆيۈككە داۋا يوق»، رەيھانگۈل مىجىتنىڭ «قايتا نىكاھ»، پاتەم ناسىرنىڭ «ئۆگەن بېشى»، تۇرسۇنگۈل تۇردىنىڭ «ناماشىشامگۈل»، مىنەۋەر ھەبىبۇللانۇرنىڭ «ئاتىللا»، «چىمەنلەر سەلكىنى»، مۇنىرە غوپۇرنىڭ «رىياسەتچىلىك سەنئىتى»، مەرزىيە تۇرسۇننىڭ «پەزىلەت غۇنچىلىرىغا سۆز» دېگەن كىتابى، رىسالەت مەرداننىڭ «ئەدەبىيات ئوبزورلىرى»، ئايسىمە ئىدرىسنىڭ «ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئۇنىۋېرسال شېئىر، پوۋېستلىرى» قاتارلىق رومان، پوۋېست، شېئىرلار توپلىمى، ھېكايە، ئەدەبىيات ئوبزورى، ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى تەشنالىقىنى قاندۇرۇۋاتقان ھەم ژۇرنالىستلىق، تەرجىمانلىق، تەھرىرلىك جەھەتتىمۇ يۇقىرى ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن سارەم ئىبراھىم، رەيھانگۈل ماموت، پەرىدە ئەمىن، ھەنىپە ئابدۇللا، گۈلباھار ناسىر، قەمبەرنىسا مۇھەممەد ھاجى، ھەلىمە تۇرسۇن، ئايگۈل بارات، زۇلپىيە مۇھەممەد قاتارلىق ھەم قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتى بويىچە خەلقئارالىق، مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىلىرىنى ئىشلەپ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ھەم مۇكاپاتلانغان تەتقىقاتچى، شائىرە، تەھرىر مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللانۇرمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تۆھپە قوشۇۋاتقان تۆھپىكارلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. ئىسمى ئاتالماي قالغان مۇشۇ كەسىپلەر بويىچە تەر تۆكۈپ ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان خانىم قىزلىرىمىزمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا يېڭى ئىز، يېڭى قەدەملەر بىلەن ئۆز كارامەتلىرىنى نامايەندە قىلماقتا.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى، جامائەت ئەربابى مىجىت ناسىر مۇنداق دەپ يازغان: «ئېيتىلىشىچە، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەدىبلىرى ئاياللار بولغان ئىكەن. مىللەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى، يۇرتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئالدى بىلەن قان، سۈت، تىل، سۆيۈش ئارقىلىق پەرزەنتىنىڭ يۇمران قەلبىگە قىلىق، مىجەز، پىسخىك ئامىلنى سالىدىغان ئانىنىڭ ۋۇجۇدى، ئېڭى بىلەن بولىدۇ. ئاندىن مائارىپتىن باشلىنىدىغان ئىستراتېگىيەلىك تەربىيە تەرەققىياتىدىن ئىزدىنىشىمىز لازىم. تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدىمۇ ھەرقايسى دەۋر، زامانلاردا چىققان مەشھۇر ئەدىب، ئاپتور، جەمئىيەت ئەربابلىرىنىڭ قالدۇرغان ئۆچمەس تارىخ، مەدەنىيەت ئىزلىرى، پاراسەتلىك ئىجادكار، ئېگىلمەس روھىي مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ نامايەندىلىرىنى كۆرەلەيمىز»

قىسقىسى، يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئۇيغۇر ئايال زىيالىلىرى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، ئىجادكارلىقى، پاراسەتلىكى ۋە ئەقىللىقلىقى بىلەن جەمئىيەتنىڭ، ئائىلىنىڭ ۋە ئەرلەرنىڭ ھەر خىل بېسىملىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ھەم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، بىر كۈچلۈك قوشۇنغا ئايلاندى. شۇنداق دەپ قارايمەنكى، بۇ تۆھپىكارلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەۋرىمىزنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدۇ. ئايال تۆھپىكارلارغا ئاپىرىن!

مەنبە:مەركىزى خەلق رادىيو ئىستانسىسى(جۇڭگو ئۇيغۇرچە رادىيو تورى)

# «ھەقىقىي ئايال» ۋە رېئال تۇرمۇش

## شائىرە ئايسىمە ئىدرىسنىڭ «ھەقىقىي ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار» ناملىق شېئىرى ئويغاتقان ھېسلار

**ئادالەت ئابدۇرېھىم**

ئەرنى رازى قىلىپ ئۆينى ئۆيدەك تۇتۇپ تۇرۇش بۈگۈنكى زامان ئاياللىرى دۇچ كېلىۋاتقان نۇرغۇن بېسىملارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر بېسىم. ئاياللار بىر كۈننىڭ ئەڭ ياخشى پەيتلىرىنى سەككىز سائەتلىك ئىش ۋاقتى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىشى كېرەك، بولمىسا ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكىنى ئەرلەر يالغۇز كۆتىرىپ بولالمايدۇ. ئاياللار يەنە ئائىلىدە گۈزەل، چېۋەر، پەزىلەتلىك ئايال بولۇپ ئېرىنىڭ بارلىق ئېھتىياجىدىن چىقىش ئۈچۈن ھەرۋاقىت تەييار تۇرۇشى، ئۆينى پاكىز، رەتلىك تۇتۇپ، تاماقنى ۋاقتى–ۋاقتىدا لەززەتلىك قىلىپ ئېتىشى، گۈزەل تۇرۇق، لاتاپەتلىك خۇلق–مىجەزى بىلەن ئېرىنى ئۆزىگە باغلاپ تۇرۇشى كېرەك.

بولمىسا ئەر ئۆيىنى تاشلاپ كۆڭلى خۇش بولىدىغان جايلارغا يۈگرەيدۇ. ئۇ چاغدا ئاجرىشىپ كەتمىگەن بالىلىرى يېتىم بولىدۇ، ئەلەمنى ئىچىگىزگە يۇتۇپ ئۆيىڭىزنى تۇتسىڭىز يۈرىكىڭىز ئازابتىن قاماپ كېتىدۇ. ئاياللار بۇنىڭدىن باشقا يەنە ياخشى كېلىن، ياخشى پەرزەنت بولۇشى، پەرزەنتلىرىگە يارامىلىق تەربىيىچى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، تۇرلۇك باردى–كەلدى، ئادەمگەرچىلىكلەرمۇ ئاياللارنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئاياللار خۇددى ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ ئارام ئالالماي ئۇچ–تۆت ئادەمنى ئۇيان–بۇيان توشۇيدىغان كونا ۋېلىسىپىت. گويا ئۇستىگە شاخ–شۇمبا قالماي بېسىلىپ، تاملىرى سىگايان بولۇپ قالغان، قۇرت يېگەن ياغاچلىرى سۇنغان، تورۇسلىرى ئۆتمە–تۆشۈك بولۇپ كەتكەن كەپە.

ئايال بولۇش تەبىئەتنىڭ يېرىم دۇنيا ئۇچۇن ئاتالغان جازا لاگېرىغا بەخشەندە بولۇش ئەمەس، بەلكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ نازۇك، لاتاپەت بىلەن بېزەلگەن ئىستەك دۇنياسىغا قەدەم ئېلىشتۇر. ئەرلىك قانچىلىك يۇقىرى شۆھرەتكە، ئىناۋەتكە، مەرتىۋىگە ئىگە بولۇشقا لايىق بولسا، ئاياللىقمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا شۆھرەتكە، ئىناۋەت ۋە مەرتىۋىگە ئىگە بولۇشقا تامامەن ھەقلىق. ئايال بولماق تەس. ئايال بولماقنىڭ تەسلىكى ئاياللارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقى ۋە مۇقەددەسلىكىدە. بىر ئائىلىنىڭ ئائىلە بولۇپ تۇرالىشىدا مەسئۇلىيەت مۇھەببەتتىن خېلىلا ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئائىلىۋى مۇھەببەت ئەمدىلا بالاغەتكە يەتكەن قىز–يىگىتلەرنىڭ رومانتىك ھېسسىياتىدەك مۇھەببەت ئۈستىگە قۇرۇلماستىن، ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ئېغىر–يېنىك يۈكلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئېغىر يۈكلەرنى دادىللىق بىلەن زىممىسىگە ئالالىغان ۋە قىيىنچىلىقلارنى كۆتىرىشكە جۈرئەت قىلالىغاندىلا، ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق ۋە مۇقەددەس مۇھەببەتنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. تويدىن بۇرۇنقى ئوتلۇق مۇھەببەتنى ساقلاپ قېلىشتىكى بارلىق مەسئۇلىيەتنى جورىسىنىڭ ئۈستىگىلا يۈكلەپ قويۇپ، ئۆزى تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۆتەشتىن باش تارتقاندا، ئائىلىۋى مۇھەببەت بوھرانغا دۇچ كېلىدۇ.

ئانا بولۇش زور شەرەپ. بىراق بۇ خىل شەرەپ بىر ئايالنىڭ ئائىلىسى، ئېرى ۋە پەرزەنتلىرى ئالدىدىكى مىننەتسىز، تەمەسىز ئەجىر–مېھنىتى، شەخسىيەتسىز بەدەللىرى ھېسابىغا روياپقا چىقىدۇ. ئەگەر ئايال «مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا ئادەم، قانۇندا ئەر–ئاياللار باراۋەر، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن، شۇڭا ئائىلىدىكى جاپانىمۇ تەڭ تارتىشىمىز كېرەك» دەپ چاپاننى تەتۈر كىيسە، ئۇ قانداقمۇ «ئانا» دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇناسىپ ئىش قىلغان ھېسابلانسۇن؟ ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى دەل مىننەتسىز ئەجىر قىلىشتا، تۆھپە تەلەپ قىلمايدىغان بەدەل تۆلەشتە. بۇ ھەرگىز ئاياللارنىڭ يېرىم دۇنيالىق ئورنىنى ئىنكار قىلىپ ئۇلارنى مۇشەققەتلىك ھايات قويىنىغا ئىتتىرىش ئەمەس، بەلكى ئاياللىقنىڭ تەبىئەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلىنى ئىزاھلاشتىنلا ئىبارەت.

ئايال مۇھەببەت دۇنياسى، بۇ يەردىكى مۇھەببەت ئوخشىمىغان جىنسلار ئوتتۇرىسىدىكى تار ئۇقۇمدىن ھالقىپ كەتكەن مۇھەببەتتۇر. ئايال خىلمۇ خىل مۇھەببەتلەرنىڭ مەركىزىدە ياشايدۇ. خۇددى كائىناتتىكى بارچە شەيئى قۇياشنىڭ خاسىيەتلىك نۇرى ئاستىدا ئېھتىياج ئۇرۇقلىرىنى بىخلىتىپ، چېچەكلىتىپ مېۋە بەرگىنىدەك. ئايالنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن كېچە–كۈندۈزلەپ بەھرىلىنىدۇ، ياشنايدۇ، كۆچىيىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئىشتىن ھېرىپ–ئېچىپ كەلگىنىگە قارىماي، ئېرىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا، كەيپىياتىغا، ئېھتىياجىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئاش–تامىقىنى ئېتىدۇ، كىر–قاتلىرىنى يۇيىدۇ. كېچىلىرى شېرىن ئۇيقۇسىدىن ۋاز كېچىپ بالا ئېمىتىدۇ، بالا باقىدۇ. مەكتەپ يېشىدىكى بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە، تۇرمۇشىغا، ئويۇنلىرىغا، ئارىلىشىۋاتقان دوستلىرىغا، قىزىقىشىغا. . .ھەممە–ھەممىگە دىققەت قىلىدۇ، ئارىلىشىدۇ. ئىككى تەرەپ ئۇرۇق–تۇغقانلىرىنىڭ ھالىغا يېتىدۇ، دەردىگە دەرمان بولىدۇ. قىسقىسى، تاڭ سۈزۈلگەندىن ئەل ياتقۇغۇچە تىنىم تاپمايدۇ.

دېمەك، ئاياللىق قۇربان بېرىش، بەدەل تۆلەش ھېسابىغا كېلىدىغان ئۇنۋان.

ياش شائىرە ئايىسىمە ئىدرىسنىڭ «ھەقىقىي ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار» دېگەن شېئىرىدىكى ئايال باش قەھرىمان تاشقى قىياپىتى ۋە خۇلق– مىجەزىدىن ئاياللىق نازاكىتى بالقىپ تۇرىدىغان، ئاياللىق لاتاپىتى بىلەن ئائىلىسىگە خۇشاللىق ۋە بەختىيارلىقنىڭ ئۇرۇقلىرىنى چاچىدىغان بىر ئاددىي ئايال بولۇپ ياشاشنى گۈزەل ئارمانلىرى بىلەن كۈتىدۇ. چىمەن دوپپا كىيىپ، ئوسما قويۇپ، چاچلىرىدا چاچتەگلەرنى جىرىڭلىتىپ يۈرۈپ

ئائىلىۋى ئىلىم تەھسىل قىلىشنى؛ ئۆز ئەجىر–مېھنىتى بىلەن ئۆيىنىڭ خۇشاللىق مەركىزى بولغان ئاشخانا، تۆشەككە جان كىرگۈزۈپ، مەززىلىك تاماقلىرى بىلەن بايرام كەيپىياتى پەيدا قىلىشنى ئويلايدۇ. . . بۇ شېئىردىكى ئايال باش قەھرىمانىنىڭ بۇ خىل كۆچلۈك تەلپۈنۈشى ماھىيەتتە نۇرغۇن ئاياللارنىڭ قەلب ساداسى، نۇرغۇنلىغان ئاياللارنىڭ ئورتاق تەلپۈنىشى. ئاپتور بۇ خىل ئىدىيۋى ھېسسىياتنى خىيال، تەسەۋۋۇر ۋە سەكرەتمە ھېسسىياتلارنىڭ ياردىمىدە گۈزەل شېئىرىي ئىبارىلەر بىلەن يارقىن يورۇتۇپ بەرگەن.
ئەمەلىيەتتە، بۇ گۈزەل ئارزۇ بۈگۈنكى تۇرمۇش رېئاللىقىدا ئېرىشكىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدىكى غايىۋى نەرسىمۇ ئەمەس، ھەرقانداق ئائىلىدە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە مېھىر–مۇھەببىتى بولسىلا، ئىستىخىيلىك ھالدا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان، ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئايالنىسلا مۇھەببەت نۇرلىرى بىلەن ئائىلە ئەزالىرىنى ياشنىتىدىغان رېئاللىنى ئىنتىلىش. كىشىلەر تىرىشسىلا بۇ لىرىك پېرسوناژنىڭ گۈزەل غايىلىرىنى ئۆز رېئاللىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بەخت ھۇزۇرىغا چۆمۈلەلەيدۇ.
بىراق بىزنىڭ شەھەرلىشىش، مەدەنىيلىشىش ئېقىمىز ۋە تەرەققىياتقا توغرا تۇرىۋالغان روھىي دۇنيارىمىز بىلەن قارىغاندا ئايال بولۇش، بولۇپمۇ ئەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئايال بولۇش ھەقىقەتەن تەس. بۇ گۈزەل شېئىردىكى ئارمانلار بىلەن ھازىرقى تۇرمۇش رېئاللىقىمىز ئارىسىدا خېلى چوڭقۇر ھاڭ بار. ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ھەر خىل تورانلىرى ئاشۇ ئاددىي غايىلىرىمىزنى قويۇق قارا تۇمان ئىچىدە بۇرۇقتۇم قىلغان. شۇنچىلىك ئاددىي، ئەقەللىي پىكىرلەرنى ھېس قىلىدىغان يۈرەكلەر ھېسسىز گۆشكە ئايلىنىپ قالغان. گۈزەل رېئاللىق يېقىنلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ھېسسىي مۇھىتتىكى ئۆتكۈر چىشلىق زەنجىر –توساقلار سەزگۈمىزنى ئورىۋالغان.

ئەمەلىيەتتە، بۇ گۈزەل ئارزۇ بۈگۈنكى تۇرمۇش رېئاللىقىدا ئېرىشكىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدىكى غايىۋى نەرسىمۇ ئەمەس، ھەرقانداق ئائىلىدە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە مېھىر–مۇھەببىتى بولسىلا، ئىستىخىيلىك ھالدا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان، ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئايالنىسلا مۇھەببەت نۇرلىرى بىلەن ئائىلە ئەزالىرىنى ياشنىتىدىغان رېئاللىنى ئىنتىلىش. كىشىلەر تىرىشسىلا بۇ لىرىك پېرسوناژنىڭ گۈزەل غايىلىرىنى ئۆز رېئاللىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بەخت ھۇزۇرىغا چۆمۈلەلەيدۇ.

بىراق بىزنىڭ شەھەرلىشىش، مەدەنىيلىشىش ئېقىمىز ۋە تەرەققىياتقا توغرا تۇرىۋالغان روھىي دۇنيارىمىز بىلەن قارىغاندا ئايال بولۇش، بولۇپمۇ ئەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئايال بولۇش ھەقىقەتەن تەس. بۇ گۈزەل شېئىردىكى ئارمانلار بىلەن ھازىرقى تۇرمۇش رېئاللىقىمىز ئارىسىدا خېلى چوڭقۇر ھاڭ بار. ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ھەر خىل تورانلىرى ئاشۇ ئاددىي غايىلىرىمىزنى قويۇق قارا تۇمان ئىچىدە بۇرۇقتۇم قىلغان. شۇنچىلىك ئاددىي، ئەقەللىي پىكىرلەرنى ھېس قىلىدىغان يۈرەكلەر ھېسسىز گۆشكە ئايلىنىپ قالغان. گۈزەل رېئاللىق يېقىنلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ھېسسىي مۇھىتتىكى ئۆتكۈر چىشلىق زەنجىر –توساقلار سەزگۈمىزنى ئورىۋالغان. . .

جەمئىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا قويىدىغان تەلىپىمۇ كۆچىيىپ كەتتى. بۇرۇن كۈندە ئىككى ۋاق تاماق ئېتىپ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كىيىملىرىنى 3–4 كۈندە بىر قېتىم يەڭگۈشلەپ تۇرىدىغان ئاياللار چېۋەر ئايال سانالغان بولسا، ھازىر ئەتىگەنلىك چايغا تەييارلىنىدىغان نەچچە خىل تائاملاردىن تارتىپ كەچلىك تاماقتا يېيىلىدىغان سالامەتلىككە پايدىلىق تائاملارغىچە تۈجۈپىلەپ ئېتىش، ئۆيدىكىلەرنىڭ كۈندە بىر ۋاخ كىيىم يەڭگۈشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ئۆيلەردە قوسۇر ئىزدەش جېدىلى ئاۋۇغلى تۇردى. بۇنى ئاز دەپ ئائىلە، بالا دېگەننىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيلا «تەييارغا ھەييار بولۇش» نى ئىستەيدىغان بىر قىسىم ئۈچىنچى شەخسلەر ياشلىقى، شوخ، جۇشقۇنلۇقى بىلەن ئاياللارغا تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. . . شۇنىڭ بىلەن ئاياللار روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەڭلا ھالسىراپ، ھېرىپ –چارچاپ ھالىدىن كەتكەن قوتۇر ئېشەكتەك كۈنگە قالدى. ئەمما ئۇلار ئۆيلىرىدىكى تاتلىق پەرزەنتلىرىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن قۇشقۇندىن چىقىۋالالمايتتى، ئۇلار ئانىلىق مېھرى بىلەن ئائىلىنى ئىسسىتمىسا، باللىرىغا ھاياتنىڭ ئەگرى– توقاي يوللىرىدا رۇس مېڭىشنى ئۆگەتمىسە بولمايتتى. شۇڭا ئاياللار ئۆز ئۆيىدە دانلاپ خەقنىڭ ئۆيىدە كاكىلاپ يۈرىدىغان ئەرلىرىنىڭ ئاچ يولۋاستەك ھۆركىرەشلىرىنى، گۆدەك باللىرىغا ساراڭلاردەك چالۋاقاشلىرىنى ئاڭلىسىمۇ

ئاڭلىماسقا سېلىپ ئۆتۈشى، يەنە بەزى ئىشلارنى بىلمەسكە سېلىشى كېرەك.

ئاياللارنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ ئاستا– ئاستا ئۆزگىرىشى بىر قىسىم ئاياللارنىڭ مىجەزىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئەرلىرىنىڭ قۇسۇرچىلىقىدىن ئەندىكىپلا ئۆتىدىغان، دېيىشكە تېگىشلىك گەپلىرىنىمۇ دېيەلمەيدىغان ياكى دېيىشنى خالىمايدىغان قىلىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقى بارا–بارا سۇسلاپ، تىمىسقىلاپ ماڭالىغىنى بىلەن ئۆي –چوڭقۇرنى ئانچە پەرق ئېتىپ كېتەلمەيدىغان، گەپ قىلالىسىمۇ پىكىر قىلالمايدىغان، كۆزى كۆرسىمۇ ياخشى– ياماننى پەرق ئېتەلمەيدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاخىرى خېلى يۇقىرى مەلۇماتى بار ئاياللارمۇ ئاران ساۋادى بار كىشىلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلىدىغان تەقدىرگە دۇچار بولىدۇ. ئەمما ئۇ نېمىمۇ قىلالىسۇن؟ بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك بوزەك بولۇپ، بەكرەك خورلىنىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ بەك جاپا تارتىپ ياشىغاندىلا ئۆز ھاياتىنىڭ كۆكىنى سېتىپ كۆكەرتكەن بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇش ئىمتىيازىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئۇ ئېنىق ئۇققاچقا ‹‹ئېرى يوقنىڭ جېنى يوق›› دېگەن سەپسەتىگە ئىشىنىپ ياشاۋېرىدۇ. بۇ خىل روھىي ھالەت ھايات لەززىتىدىن پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى قۇربان قىلىپ ياشاۋاتقان بىر قىسىم ئاياللارنىڭ ئومۇمىي كەچۈرمىشى. ئايسىمە ئىدرىسنىڭ شېئىرىدىكى گۈزەل تۇيغۇ بۇنداق چۈشكۈن روھىيەت دۇنياسىدا نېمە قىلسۇن؟

ئەمەلىيەتتە، بۇ گۈزەل ئارزۇ بۈگۈنكى تۇرمۇش رېئاللىقىدا ئېرىشكىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدىكى غايىۋى نەرسىمۇ ئەمەس، ھەرقانداق ئائىلىدە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە مېھىر–مۇھەببىتى بولسىلا، ئىستىخىيىلىك ھالدا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان، ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلانسىلا مۇھەببەت نۇرلىرى بىلەن ئائىلە ئەزالىرىنى ياشنىتىدىغان رېئاللىق ئىنتىلىش. كىشىلەر تىرىشسىلا بۇ لىرىك پېرسوناژنىڭ گۈزەل غايىلىرىنى ئۆز رېئاللىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بەخت ھۇزۇرىغا چۆمۈلەلەيدۇ.

بىراق بىزنىڭ شەھەرلىشىش، مەدەنىيلىشىش ئېڭىمىز ۋە تەرەققىياتقا توغرا تۇرىۋالغان روھىي دۇنيارىمىز بىلەن قارىغاندا ئايال بولۇش، بولۇپمۇ ئەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئايال بولۇش ھەققەتەن تەس. بۇ گۈزەل شېئىردىكى ئارمانلار بىلەن ھازىرقى تۇرمۇش رېئاللىقىمىز ئارىسىدا خېلى چوڭقۇر ھاڭ بار. ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ھەر خىل تۇزانلىرى ئاشۇ ئاددىي غايىلىرىمىزنى قويۇق قارا تۇمان ئىچىدە بۇرۇقتۇم قىلغان. شۇنچىلىك ئاددىي، ئەقەللىي پىكىرلەرنى ھېس قىلىدىغان يۈرەكلەر ھېسسىز گۆشكە ئايلىنىپ قالغان. گۈزەل رېئاللىق يېقىنلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ھېسسىي مۇھىتتىكى ئۆتكۈر چىشلىق زەنجىر –توساقلار سەزگۈمىزنى ئورىۋالغان...

جەمئىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا قويىدىغان تەلىپىمۇ كۆچىيىپ كەتتى. بۇرۇن كۈندە ئىككى ۋاق تاماق ئېتىپ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كىيىملىرىنى 3–4 كۈندە بىر قېتىم يەڭگۈشلەپ تۇرىدىغان ئايالLAR چېۋەر ئايال سانالغان بولسا، ھازىر ئەتىگەنلىك چايغا تەييارلىنىدىغان نەچچە خىل تائاملاردىن تارتىپ كەچلىك تاماقتا يېيىلىدىغان سالامەتلىككە پايدىلىق تائاملارغىچە تۈجۈپلەپ ئېتىش، ئۆيدىكىلەرنىڭ كۈندە بىر ۋاخ كىيىم يەڭگۈشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ئۆيلەردە قۇسۇر ئىزدەش جېدىلى ئاۋۇغلى تۇردى. بۇنى ئاز دەپ ئائىلە، بالا دېگەننىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيلا «تەييارغا ھەييار بولۇش» نى ئىستەيدىغان بىر قىسىم ئۈچىنچى شەخسلەر ياشلىقى، شوخ، جۇشقۇنلۇقى بىلەن ئايالLARغا تەھدىت سېلىشقا باشلىدى... شۇنىڭ بىلەن ئاياللار روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەڭلا ھالسىراپ، ھېرىپ –چارچاپ ھالىدىن كەتكەن قوتۇر ئېشەكتەك كۈنگە قالدى. ئەمما ئۇلار ئۆيلىرىدىكى تاتلىق پەرزەنتلىرىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن قۇشقۇندىن چىقىۋالالمايتتى، ئۇلار ئانىلىق مېھرى بىلەن ئائىلىنى ئىسسىتمىسا، بالىلىرىغا ھاياتنىڭ ئەگرى– توقاي يوللىرىدا رۇس مېڭىشنى ئۆگەتمىسە بولمايتتى. شۇڭا ئايالLAR ئۆز ئۆيىدە دانالاپ خەقنىڭ ئۆيىدە كاكىلاپ يۈرىدىغان ئەرلىرىنىڭ ئاچ يولۋاستەك ھۆركىرەشلىرىنى، گۆدەك بالىلىرىغا ساراڭلاردەك چالۋاقاشلىرىنى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سېلىپ ئۆتۈشى، يەنە بەزى ئىشلارنى بىلمەسكە سېلىشى كېرەك.

ئايالLARنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ ئاستا– ئاستا ئۆزگىرىشى بىر قىسىم ئايالLARنىڭ مىجەزىگە تەسىر كۆرسىتىپ،

ئۇلارنى ئەرلىرىنىڭ قۇسۇرچىلىقىدىن ئەندىكىپلا ئۆتىدىغان، دېيىشكە تېگىشلىك گەپلىرىنىمۇ دېيەلمەيدىغان ياكى دېيىشنى خالىمايدىغان قىلىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقى بارا-بارا سۇسلاپ، تىمىسقىلاپ ماڭالىغىنى بىلەن ئۆي —چوڭقۇرنى ئانچە پەرق ئېتىپ كېتەلمەيدىغان، گەپ قىلالىسىمۇ پىكىر قىلالمايدىغان، كۆزى كۆرسىمۇ ياخشى– يامانىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاخىرى خېلى يۇقىرى مەلۇماتى بار ئاياللارمۇ ئاران ساۋادى بار كىشىلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلىدىغان تەقدىرگە دۇچار بولىدۇ. ئەمما ئۇ نېمىمۇ قىلالىسۇن؟ بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك بوزەك بولۇپ، بەكرەك خورلىنىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ بەك جاپا تارتىپ ياشىغاندىلا ئۆز ھاياتىنىڭ كۆكىنى سېتىپ كۆكەرتكەن بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇش ئىمتىيازىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئۇ ئېنىق ئۇققاچقا ‹‹ئېرى يوقنىڭ جېنى يوق›› دېگەن سەپسەتىگە ئىشىنىپ ياشاۋېرىدۇ. بۇ خىل روھىي ھالەت ھايات لەززىتىدىن پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى قۇربان قىلىپ ياشاۋاتقان بىر قىسىم ئاياللارنىڭ ئومۇمىي كەچۈرمىشى. ئايسىمە ئىدرىسنىڭ شېئىرىدىكى گۈزەل تۇيغۇ بۇنداق چۈشكۈن روھىيەت دۇنياسىدا نېمە قىلسۇن؟

يەنە بىر تۈركۈم ئاياللار ئېرىنىڭ زوراۋانلىقلىرى، قوپاللىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئاشقان بېسىملىرىغا نىسبەتەن قايتۇرۇپ ئاتاكىغا ئۆتۈپ، بىشەملىشىپ، ۋاقتى-ۋاقتىدا قورساق كۆپكىنى چىقىرىپ، ئېرى بىرنى دېسە ئىككىنى دەپ ئۆتىدۇ. بۇنداق ئاياللار تاياق يېيىشكە، ھاقارەتلىنىشكە، ئائىلىسىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا رازى بولۇدىكى، ئاغزىدىن يانمايدۇ. ئېرىنىڭ ئۆزىگە قىلغانلىرى ئۇنتۇلۇپ كەتمىگەن بولغاچقا، ئاشۇنداق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆچ ئالماقچى ۋە ئورنىنى قايتىدىن تىكلىمەكچى بولىدۇ. يەنە بەزى ئاياللار چېچىنى سۈپۈرگە، قولىنى كۆسەي قىلىپ تۇتقان ئۆيلىرىنىڭ، يىغقان مال– بىساتلىرىنىڭ رۇمكا-قەدەھلەر، قارتا– ئوشۇقلار ئارىسىدا سورۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جېدەلدىنمۇ پايدا تاپالمىغاندىن كېيىن، مانا ئەمسە، دەپ مەسئۇلىيىتىنى قايرىپ قويۇپ، رېستوران، تانسىخانىلارغا بېرىپ ئويۇن– تاماشا بىلەن قاغجىراپ كەتكەن مەنىۋى دۇنياسىنى ئاز-تولا ئارام تاپقۇزىدۇ. ئېسىل دەپ قارالغان قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىدۇ، زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقايدۇ. ئېرى بىلەن بۇزۇپ– چېچىش مۇسابىقىسىغا چۈشۈش ئارقىلىق قەلب يارىسىغا مەلھەم تاپماقچى بولىدۇ.

يەنە بىرقىسىم ئاياللار دەۋر ئېقىمىنىڭ رەڭگارەڭ چىراغلىرى ئاستىدا قەلبى ئۆڭۈپ كەتكەن ئۇنداق ئەرلەر بىلەن ياشاشنى ئەخمىقانىلىق ۋە نادانلىق دەپ قاراپ، چۆچۈرىدەك باللىرىنىڭ بىر ئۆمۈر بويۇن قىسىپ قالىدىغانلىقىدەك رېئاللىققا تەن بېرىپ، ئىلگىرى قەدىرگە يەتمىگەن ئەركىن ھاياتقا قايتىش ئۈچۈن ئۆزەڭگىنى ئۈزىدۇ. مانا بۇلار 30پىرسەنت ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب. ئايسىمە ئىدرىسنىڭ شېئىرىدىكى گۈزەل ھايات بۇنداق ئائىلىلەر ئۈچۈن چۈش بولۇپلا قالىدۇ، خالاس.

بىر– بىرىگە ئىشەنچ، سەممىيەت، مېھىر– مۇھەببەت دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئائىلە قورغىنى گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى قەلبلەرنى زەردابقا تولدۇرغاندا، ئائىلىدىن ئىبارەت مۇقەددەس ئىمپېرىيىنىڭ تاھىر-زۆھرەلىرى خوجايىنلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، قاغجىراپ كەتكەن جازا لاگېرىدىكى بىچارە بايقۇشلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ كۈندىن-كۈنگە زورىيىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغان، بىر-بىرىگە مىخ بىلەن زىختەك سانجىلىپ تۇرغان، تاغ تۇرۇپ تاشچە بولالمىغان، باغ تۇرۇپ بىر تۈپ دەرەخچە سايە بېرەلمىگەن بۇنداق ئاتا-ئانىلار ۋە كۆڭۈلسىز ئائىلىدىن باللارنىڭمۇ رايى قايتىدۇ.

ئەقىل تېپىۋاتقان بەزى ئاياللار ئۈچۈن ئېيتقاندا كاستۇم– بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان بەزى ئەرلەردىن ئاياللىرىنى ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، تاغ– داللاردا ئىشلەپ پۇل تېپىپ خوتۇن، باللىرى ئۈچۈن بەختلىك تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىپ بېرىدىغان بۇرۇنقى زامان ئەرلىرى سۆيۈشكە بەكرەك ئەرزىيدىغاندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ چاغلاردىكى مېھرى ئاتەش ئانىلار ئىگىلىك تىكلەپ خام خۇرۇچ تېپىشنىڭ غېمىدە پالاقلىماستىن، ئەكسىچە ئېرى تېپىپ بەرگەن خۇرۇچلاردىن مەززىلىك تائاملارنى تەييارلاپ، ئۆزىنى گۈلدەك ياساپ، ئۆيىنى پاكىز تازىلاپ، باللىرىغا گۈزەل ئەپسانە، چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، ئېرىغا ئائىلىنىڭ بەختىيارلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئانىنىڭ ئائىلىدىكى قۇياشتەك ئورنىنى تىكلەپ بەرگەنىدى. چاچلار ئاقىرىپ، ماڭالايلار قورۇلسىمۇ، شېرىن پىچىرلاشلار، تاتلىق كۈلۈمسىرەشلەر، مۇھەببەتلىك بېقىششلار ئائىلىنىڭ ئەڭ زور بايلىقى سۈپىتىدە ھاياتلىقنىڭ مەنىسىنى بەرپا قىلغانىدى. ھازىرقىدەك بىرەر چاي سورۇنىغا بارسا ھەدەپ

سائەتكە قاراپ ئەندىكىشلەر، چوڭ–كىچىك، قېرى –ياش جەم بولۇپ ئورتاق غىزالىنىشنىڭ ئورنىغا ئۇدۇل كەلگەن ئاشخانا–رېستورانلاردا ئالدىغا كەلگەن تاماقنى يەپ دۇئاسىز كېتىپ قېلىشلار ئۇلار ئۇچۇن يات ھېساپلىناتتى. ھازىر بىر قىسىم ئائىلىلەر تۇرمۇش كەچۈرۈش زۆرۈرىيىتىدىن ئائىلىلىق سالاپىتى، مەسئۇلىيىتىنى ئۇنۇتقان ھالدا پۇل ئۇچۇن پالاقلاپ، ئائىلىلەرگە خاس نازاكىتى، خۇلق–مىجەزىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالمايدىغان بولۇپ قالدى. دەۋر قەدىمىنىڭ تېزلىكى ئائىلىلىق قەلبكە خىرس ئېلىپ كەلدى. ئائىلىلەرنىڭ قەلب ئېتىزى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى زىرائەت تېرىلىۋېرىپ قۇياش نۇرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالمايۋاتقان، ھوسۇلسىز، قاغدالما يەر بولۇپ قالدى...

ھەقىقىي ئايال بولۇپ ياشىغۇسى بار ئائىلىلەر ناھايىتى نۇرغۇن، پەقەت ۋۇجۇدىنى تىنىما–تالاڭ قىلىدىغان ھېسسىيات–زەنجىر كىشەنلىرى ئۇلارنىڭ روھ سېپىلىنى ۋەيران قىلمىسىلا...

(ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر 1–ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

# ئاياللار ۋە ساغلام بەدەن

ساغلام بەدەن بولغاندا ساغلام تۇرمۇش مۇھتى ياراتقىلى بولىدۇ. خانىم ـ قىزلار ئۆز ساغلاملىقىنى كاپالەتك ە ئىگە قىلىشتا كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىشلارغا دىققەت قىلىش، سالامەتلىكنى قەرەللىك تەكشۈرتۈش ، يېمەك ـ ئىچمەككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە يەنە، بەدەن چىنىقتۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش ى كېرەك. ھەممىمىزگە مەلۇم يىقىنقى يىللاردىن بۇيان، خانىم ـ قىزلىرىمىزنىڭ ساغلاملىق قارىشى پەيدىنپەي كۈچىيىپ، دەم ئېلىش كۈنلىرى، ئىشتىن چۈشكەن ۋاقىتلاردا ھەر خىل چىنىقىش سورۇنلىرىغا بېرىپ ئۆزىگە ما س كېلىدىغان چىنىقىش ئۇسۇللىرىنى تاللاپ ، ئۆزىنىڭ بەدەن سۇپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ بېيىتماقتا. ھەرىكەت قىلىش ـ ئەڭ ئۇنۇملۇك ، ئەڭ بىخەتەر ساغلاملىق كاپالىتى ھېسابل ىنىدۇ. چىنىقىش ـ ئادەم ئورگانىزىملىرىنى ياشارتىپ كېسەللىكە گىرىپتار بولۇش نىسپىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ. شۇڭا ھ ەرقانداق كىشى بولۇپمۇ خانىم ـ قىزلار ھەر ۋاقىت چېنىقىشنى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلاندۇرىش ى لازىم.

خانىم ـ قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىدە نۇقسانسىز ، گۈزەل فىگۇر بولۇشنى خالايدۇ، لېكىن كۆپچىلىك خان ىم ـ قىزلار ھەر كۈنى 40 ـ 30 مىنۇت ۋاقىت سەرىپ قىلىپ تەنھەركەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى داۋاملاشتۇرالما يدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ چېنىقىش دەپ قارايدىغانلار خېلى كۆپ. ئ ىلمىيلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش جەريانىدا ئانچە مۇنچە ھەركەت قىلىش بىلەن سىستې ملىق چېنىقىشنىڭ پەرقى بار. شۇڭا ھەركۈنى ئازراق ۋاقىت ئاجرىتىپ سىستىملىق چېنىقىش زۆرۈر. ئۆيدە تام اق ئەتكەن، قاچا يۇيغان، يەر يۇيغان، بازار ئايلانغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپمۇ بەدەن چىنىقتۇرغىلى بولىدۇ. بۇن داق بولغاندا ئوخشاشلا چىنىقىش مەقسىتىگە يەتكىلى، ساغلاملىقىمىز ئۈچۈن يول ئاچقان بولىمىز. مەسىلەن، ت اماق ئەتكەندە ، قاچا يۇغاندا ياكى ئۆي تازىلىغاندا قوساق ۋە بەلنى ھەركەتلەندۈرگىلى بولىدۇ، يەنى بىر تەرەپتىن ئۆي تازىلىغاچ بىر تەرەپتىن قوساقنى ئىچىگە 10 سېكۇنت تارتىپ ـ قويۇپ بۇنى ئەڭ ئاز بولغاندا 1 0 قېتىم داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. بۇنداق بولغاندا قوساق قىسمىنىڭ مۇسكۇلىنى چىڭىتىپ، قوساقتا ياغ يىغىلىپ قىلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. يەر يۇغاندا ، قول بىلەن باشنى كۆپ ھەركەتلەندۈرۈش، ئەينەككە قاراپ تۇرۇ پ يەر تېرىسىنى مىدىرلىتىش، چىش چوتكىلىغاندا پۇتنىڭ تاپىنىنى 20 قېتىم كۆتۈرۈپ ، چۆشۈرۈش ئارقىلىق چېنىقىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ ، سوغاق سۇ بىلەن ئېغىزنى چايقاش ئارقىلىق زۇكامنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا لىفتقا چىقماسلىق، ئامال بار پەلەمپەيدىن چىقىپ چۈشۈش لازىم.

كۆپىنچە خانىم قىزلار سىرتقا چىققاندا تاكسى ياكى كوچا ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرىدۇ، پىيادە مېڭىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ. ساغلام بەدەنگە ئىگە بولۇشتا پىيادە مېڭىشنىڭ پايدىسى كۆپ. شۇڭا سىرتقا چىققاندا مۇھ م ئىش بولمىسا ئامال بار پىيادە مېڭىش لازىم . پىيادە مېڭىش يۈرەك قان تومۇر سىستېمىسىنى ياخشىلاپ، قان

دىكى ماينى سېرىش ، خەتەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ. بەزى خانىم—قىزلار ئىش
خانىدا خىزمەت قىلغاندا ئېگىشىپ ئولتۇرىدۇ، نەتىجىدە ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن كۆز تېلىش ، بويۇن ۋە مۈر
ە قېتىپ قېلىش ، بەل ئاغرىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بەدەن تەكشۈرۈش ۋە بەدەن سۇپىتىنى سىناش ن
ەتىجىسىدىن قارىغاندا ئۇنداق كىشىلەردە ئاسانلا يۈرەك، ئۆپكە ئىقتىدارى تۆۋەنلەش ، بەدەن ئىلاستىكلىقى ن
اچارلىشىش ، بەدەن ئېغىرلىقى ئېشىپ كېتىش ، جىگىرىنى ياغ قاپلاش قاتارلىق كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. شۇ
ڭا ئادەتتە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا سېستىمىلىق بەدەن چېنىقتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىللە خىزمەت ۋا
قتىدىمۇ چوقۇم ئۈنۈملۈك بەدەن ئاسراش ھەركىتى قىلىش كېرەك.

ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا ئىشخانىدا خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەي بەدەن ئاسراش ھەركىتى ئىشلىگىلى بولىدۇ
؟

بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

بىرىنچى، ئېگىز بىنالاردا ئىشلەيدىغانلار پەلەمپەيدىن پىيادە چىقىپ - چۈشۈش شارائىتىدىن تولۇق پايدىلىنى
ش.

ئىككىنچى، ئىشخانىدا كۈندە ئىككى قېتىم ، ھەر قېتىمدا ئۈچ مىنۇت بەدەن قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ھەركىتى
ى ئىشلەش.

ئۈچىنچى، باشنى ھەركەتلەندۈرۈش، تورۇسقا، ئاستا ئاستا ئىككى تەرەپكە تولغىنىپ تۇرۇپ ئىككى تەرەپكە
نەزەر سېلىش.

تۆتىنچى، قولنى ھەركەتلەندۈرۈش ، قول بىلەن دولىنى ئۇرۇپ بېرىش، جەينەكنى تولغاش، كۆكرەكنى كې
رىش، ئىككى مۈرنى ئارقىغا يېيىش.

بەشىنچى، پۈتۈن بەدەننى ھەركەتلەندۈرۈش، ئورنىدا تۇرۇپ پۇتنى ئېگىز كۆتۈرۈش، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇش ۋ
ە چوڭقۇر نەپەس ئېلىش لازىم. خانىم - قىزلار بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە ئورۇقلاشنى ئۆزلىرىگە بېسىم قىلىۋالماي
، ۋاقىت يار بەرگەن شارائىتتا قەرەللىك ھالدا چېنىقىش مەيدانلىرىغا بېرىپ ئۆزلىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان چېنى
ىقىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ چېنىققاندا ياكى ئائىلىدە ،ئىشخانىدە ھەرىكەت قىلىشنى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى
ئادىتىگە ئايلاندۇرغاندا كىينكى ساغلاملىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ.

ئىلاۋە: ئەدەبىياتىمىزدا ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان چەتنەش خاھىشى، قانۇنچىلىق گېزىتىنىڭ 1-بېتىگە
بېسىلىدىغان قاتىللىق، باسقۇنچىلىق، بۇزۇقچىلىق ھەتتا ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى ھايۋانى
قىلمىشلارنىڭ ھەدەپ بازارلىق ئەسەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا تاشلىنىشى، خەلقىمىزنىڭ ساپاسىغا پەقەتلا ماس بولمىغان
يولدىن چىققان تەسۋىرلەر مېنى«ئەخلاقنىڭ تېخى ۋاقتى ئۆتمىدى، خەلقىمىز تېخى جىنسى ئەركىنلىك تەسۋىرىنى
قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىدە «ساپالىق، ئاڭلىق» بولۇپ كەتكىنى يوق» دەپ چۇقان سېلىشقا مەجبۇر قىلدى.
جەمىيىتىمىزدە راستلا شۇنداق رەسۋا ئىشلار مەۋجۇت ، بىراق بۇلارنى تەشۋىقات سەھنىسىدە «جۇلالاندۇرۇش»نىڭ
قىممىتى بارمۇ؟

بىزدە تىلغا ئالغۇدەك ياخشى ئىش-ياخشى ئادەم تەسۋىرلەنگەن، ئوقۇغانلارنىڭ يۈشۈرۈن ئېڭىدا «مەن بۇلاردىن
ياخشى ئىكەنمەن» دەپ گۇناھقا كۆنۈش تۇيغۇسى ئەمەس بەلكى بۇ گۈزەل كىشىلىك پەزىلەتلەرنىڭ تەسۋىرىدىن
قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ياخشىلىققا دالالەت قىلىنىدىغان ئىنسانى تۇيغۇلىرىنىڭ ئويغىنىشىغا تۈرتكە بولىدىغان
رىيال ۋەقەلەرمۇ نۇرغۇنغۇ؟

مەن يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەخلاق قارىشىدىن، ھەتتاكى مەشھۇر يازغۇچىلىرىمىزدىن ئەختەم ئۆمەرنىڭ بىر ئەدەبى
ئاخباراتىدا «ئىنسان دىگەن ھاۋايى ھەۋەس، ئىشقىۋازلىقتىن خالى ئەمەس، يازغۇچى شائىرلار تېخىمۇ شۇنداق،
ئەمما بۇنى بەك ئاشكارىلىساق خەلقنىڭ ئەيىپلىشىگە دۇچار بولىمىز، شۇڭا مەخپىراق ئېلىپ ماڭغىنىمىز ياخشى»
دىگىنىدىن، مەتمىن ھوشۇر ۋە باشقا نۇرغۇن كۆزگە كۆرۈنگەن قەلەم ئۇستازلىرىنىڭ نىكاھسىز مۇھەببەتكە ئوقۇغان
مەدھىيىلىرى، ھۆسەيىن تاش قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ھايۋانى قىلمىشلارغا بەدىئىي تۈس بېرىپ ئۆزۈڭدىن ئۆزۈن
تەسۋىرلەشلىرىدىن-ھايا تۇرماق، ھالال-ھاراملىق تۇيغۇسىنى ئۇنتۇغانلىقىدىن چۆچۈدۈم. مەن
مۇتەئەسسىپلەردىن ئەمەسمەن. ئەمما خەلقىمىزنىڭ 1000يىللاپ يېتىشتۈرگەن ئەخلاق-ھايا، گۇناھنى
ئاشكارىلاش يەنە بىر قېتىم گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىك بىلەن باراۋەر دەيدىغان ئەقىدىسىدىن ، بىزنىڭ

مەۋجۇتلىقىمىزنىڭ ئەخلاقى قاراشلىرىمىزغا نەقەدەر تايىنىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنلىكىمدىن بىر ئاگاھ تۇۋلاپ قويغۇنۇم.
تەگرىتاغ ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان تۆۋەندىكى ماقالىدە مەن ئويلىغان بەزى مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۇرۇلدى دەپ قاراپ كۆپچىلىككە تەۋسىيە قىلدىم. (پىسخىكىسى بىنورمال بەزى كىشىلەر ماقالىدە قامچىلانغان ئەسەرلەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇغۇسى كېلىپ كېتىشى مۇمكىن، تەۋسىيە شۇكى قامچىلانغان ئەسەرلەر ئوقۇشىڭىزغا ئەرزىمەيدۇ، ئەسەر ئوقۇغاندا ناۋادا ئەسەرنىڭ ماھىيىتى سىزنىڭ غول ئەخلاقى قارىشىڭىز بىلەن ماس كەلمىسە ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئوقۇماڭ، تەۋسىيەمۇ قىلماڭ. جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش نۇقتىسىدىن سىزمۇ ئىككى قۇر ماقالە يېزىپ تەڭ قامچىلاپ قويسىڭىز بەلكى ھېچقىسى يوق).

# ئاياللىق ھىممەت ۋە قىممەت

ئاينۇر دولقۇن

ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەققىدە بولۇنۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەر تالاي، ئاياللىق نازاكەت ۋە مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت، شۇنداقلا ئۇلاردىكى پەزلى ـ مەرھەممەتنىڭ سۇسلاپ يوقاپ كېتىۋاتقىنىدىن قاقشاشلار دوقمۇش ـ دوقمۇشلاردا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. قىسقىغىنە يېرىم ئەسىردە بولۇۋاتقان ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە رولىدىكى ئۆزگىرىش ئەرلەرنىلا ئەمەس، ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويىدى. «قازان بېشى»دىن جەمئىيەتتىكى خىلمۇ ـ خىل «مۇنبەر»لەرگە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان ئاياللار ئۆزىنىڭ نازۇك تەبىئىتىگە ماس كەلمىگەن بىسىم ۋە كىرزىسلارغا دۇچ كەلدى. جاھان ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئۇچقۇر قەدىمى ئەڭ چەت رايۇنلاردا، ئەڭ ئىپتىدائىي شەكىللەردە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىمۇ نېسىۋىسىز قالدۇرمىدى. بىزمۇ ھەم ئۆزلۈكسىز يېڭىلىقىقا ئىنتىلگۈچى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان بىر توپ بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ھەر خىل مىدىيە ۋە ۋاستىلەر ئېلىپ كەلگەن غايەت زور ئۇچۇر «بوھرانى»غا دۇچ كەلدۇق. تور، تېلىۋىزورلاردىكى خىلمۇ ـ خىل مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە ئېقىملار ھېچبىر تەييارلىق ۋە پەرقلەندۈرۈپ تاللاش ئۆلچىمىنى تولۇق ھازىرلىيالمىغان بىز ۋە مەۋجۇدلۇقىمىز ئۈچۈن چوڭ سوئال ۋە كەسكىن زىددىيەت ـ كىرزىسلەرنى ئالدىمىزغا تاشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ «جاھاندارچىلىق سەنئىتى»، «مۇۋاپىقىيەت دەستۇرى»، «بېيىش يولى» . . . دېگەندەك كىتابلار قايتا ـ قايتا بېلىسىپ ھەممىنىڭ قولىدىكى ئەتىۋارلىق كىتابلارغا ئايلاندى. ئۆزگە ئېتىقاد، ئۆزگە مەدەنىيەت ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان بۇ ئەسەرلەردىكى ئىدىيەلەر قارا ـ قويۇق قوبۇل قىلىندى. مانا مۇشۇنداق رەڭگارەڭلىك ئىچىدە ئۇيغۇر ئاياللىرى زادى قانداق مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ؟ بۇنىڭغا نىسبەتەن قانداق پوزتسىيەدە بولۇۋاتىدۇ ۋە قانداق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىۋاتىدۇ؟ ئاياللار ھەققىدىكى ئەپسۇسلۇق يازمىلار ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە باش چايقاشلار نېمە ۋەجىدىن؟
ئايال كىم؟
ئايال ـ بىراۋنىڭ جۈپتى ھالالى، بىراۋنىڭ مېھرىبان ئانىسى، سۆيۈملۈك قىزى، قەدىردان ئاچىسى، ئوماق سىڭلىسى، پەرىشتە سۈپەت مومىسى. دۇنيادىكى جىمى ئىزگۈلۈك ۋە بۈيۈكلۈك ئايال بىلەندۇر. ھاياتنىڭ ھالاۋىتى ۋە ھالاكىتىمۇ دەل ئايال سەۋەپچى، ئۇلارنىڭ بىر قولىدا بۆشۈك تەۋرىسە، بىر قولىدا دۇنيا تەۋرەيدۇ. ئۇلار ھەققىدە تالاي يازمىلار يېزىلدى، يەنە يېزىش ئارتۇقچىلىقمۇ؟ نېمىنى يېزىش كېرەك؟ يازغاننىڭ پايدىسى بارمۇ؟
«ئاناڭ قاياقىا كەتتى؟ ـ زەردە بىلەن سورايدۇ ئەركەك.
مەن سەھەردە بارىمەن، ئانام ئۆيدە بولۇپ تۇرسۇن! ـ جىكىلەيدۇ تالالىق قىلىنغان قىز.
ئانا! سىز نەدە؟ ـ ئۆيدە ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىدۇ گۆدەك»
ئايال بىلەن ئەرلەر پۈتۈنلەنگەن، دۇنيا دۇنيا بولۇپ تۇرغان. ئايال ئۆيدە بولمىسا بۇ كەملىكتىن، بۇ يېرىملىقتىن، بۇ خۇنۇكلۈكتىن مەيۈسلەنگەن ئەرنىڭ يۈرىكى مۇڭلىنىپ قالىدۇ. دۇنياغا رەڭ، ئۆيگە گۈل، بالىلارغا مېھىر، جۈپتىگە ئۆمرىنى بېرىۋاتقان ئايالنى تىللاش، ئۇنى ئەڭ بەتبەشرە سۈپەتلەر بىلەن تىلغا ئېلىش، ھەتتاكى زەردە ـ تەئەددى بىلەن دۇشكەلەپ ياپراقتەك جىسمىنى غال ـ غال تىترىتىش، روھىدىكى گۈزەل بېغىنى خانىۋەيران قىلىش ئاياللىسىزلىقنىڭ باشلىنىشىدۇر. ئەمما ئاياللارنىڭ ئۆز تەبىئىتى ۋە خۇلقىدىن يىراقلىشىش سەۋەبلىك بولۇۋاتقان ئاياللىسىزلىققا كىم ئىگە؟ ئەرلەر ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىش قاقشاشلار ئۇلارنىڭ ئۆزگە تالىق، بەس! بىز ئۆزگىنى قويۇپ ئۆزىمىزگە كېلەيلى.

**1.** ئاياللار ۋە مەسئۇلىيەت

ھەر قانداق بىر ئىنسان تۇغۇلۇشى بىلەنلا بىر قاتار سالاھىيەتلەرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۇ ئاۋال ئادەم، ئۆز تۇپىنىڭ بىر ئەزاسى، ئائىلىۋى نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پەرزەنتى، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنىڭ، ئاكا ـ ئاچىسى ۋە ياكى ئىنى ـ سىڭلىسى... چوڭ بولغانسىرى ئاتا ـ ئانا، كېلىن، كۈيئوغۇل.... دېگەندەك. دېمەك، بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىشىمىز بىلەن تەڭلا ئائىلە، جەمئىيەت ۋە يۇرت ـ مىللەت بىزگە بىر قاتار كىملىكلەرنى ئاتا قىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدىكى مەسئۇلىيەت ـ مەجبۇرىيەتنى زىممىمىزگە يۈكلەيدۇ. ئاياللار ئۆزى ئەركە بولۇپ ئۆسكەن تۇپرىقىدىن، ئانا باغرىدىن ئايرىلىپ كېلىنلىك، ئاياللىق دەۋرىنى كۈتۈۋالغان دەقىقىدىن باشلاپ، ئائىلىۋى مەجبۇرىيەت ـ ئاياللىق، ئانىلىق ئۇنىڭ ياخشى ئادا قىلىشىنى، شۇ ئارقىلىق ئائىلىنى ئاۋۇندۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

ئانىلىق بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت

ئانا بولۇش بۈيۈك بىر نېمەت ۋە تەڭداشسىز شەرەپتۇر. بۇنداق شاراپەتكە مۇناسىپ بولغۇچىلار پەقەت ئانىلىق ۋەزىپىلىرىنى ۋە ئاياللىق خىزمەتلىرىنى تولۇق ئورۇندىغاندىلا سازاۋەر بولالايدۇ. بىر ئانا بالىسىنى دۇنياغا كەلتۈرىدۇ، تىرىكلىكنىڭ قۇۋۋىتى بولغان سۈتى بىلەن ئۇنى تويدۇرىدۇ، قۇچىقىدا ئۆستۈرىدۇ، سۆيۈملۈك يۈرەك پارىسىنىڭ راھىتى ئۈچۈن شېرىن ئۇيقۇلىرىدىن، پۈتۈن تىنچلىقىدىن كېچىدۇ، ئۇنىڭ تەربىيىسى ھەم بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن چەكمىگە جاپاسى، قىلمىغان پىداكارلىقى قالمايدۇ، ھاياتنىڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىگە قەدەر ئۇنى سۆيىدۇ. شۇڭا ئانىلار ھەممىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئۇلۇغلىنىشىغا نائىل بولىدى. شۇنداقلا، «ئانا»دىن ئىبارەت بۇ ئىبارە ئوخشىمىغان قەۋم، تويلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان شەكىل ۋە ۋەزنىدە مۇقەددەسلىكنىڭ، مەۋجۇتلۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلدى. «ئانا تىل»، «ئانا يۇرت»، «ئانا ۋەتەن»، «ئانا دەريا» دېگەندەك سۆزلەردە «ئانا» سۆزى تىل، ۋەتەن، يۇرت ۋە ھاياتلىقنىڭ سۆيۈپتى ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، «ئانا»نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە «ئانا» بولغۇچىلارغا تۇغۇش ۋە بېقىپ چوڭ قىلىشتىن باشقا يەنە بالىنى ئۆز ئېتىقادى، تىلى، مەدەنىيىتى، تارىخى، كىملىكنى بىلدۈرگەن، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيدۈرگەن ۋە ئۇنى جان تىكىپ قوغدايدىغان، ئۆز خەلقى ئۈچۈن بارىنى ئاتايدىغان پەرزەنت قىلىپ تەربىيەلىيەلىگەندىلا ئاندىن ھەقىقىي ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلغان، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئانا ھېسابلىنىدۇ.

قىرغىز خەلقىنىڭ پەخرىلىك ئوغلانى چىڭغىز ئايتماتوۋ بىلەن قازاق شائىرى مۇختار شاخانوفنىڭ سۆھبىتىدىن تەشكىل تاپقان «قىيادىكى ئوۋچىنىڭ ئاھۇ زارى» ناملىق كىتابتا، ئانا ھەققىدە تىلغا ئېلىنغان مۇنداق مىسرالار بار:

تەقدىرىڭنى يىلتىسزلىق ئىللىتىگە تاشلىما!
ھەر كىشىدە ئۆز ئانىسىدىن ھەم باشقا
يۆلەك بولۇپ يۆلەيدىغان ئارقىدىن ـ
بولۇشى كېرەك كۈچ قۇدرەتلىك تۆت ئانا.
تۇغۇلغان يەر ـ تۇپ قوزۇقى بايرىقى،
ئانا تىلى ـ سېتىلماس زور بايلىقى.
ئەنئەنە ۋە ئۆرپ ـ ئادەت تىرىكى،
قەدىمگە ھەم كۈچ بىرەر مادارى
يەنە ئانا تارىخى،
ئەسلىمەك تەس دەرت ـ ھەسرەتلىك بولسىمۇ،
كۆيلىرىدە تۆت ئانىغا زەررە سۆيگۇ قاتمىغان
بەندىلەرنىڭ بېشى قايدا قالمىغان؟!
تۆت ئانىسىنى قوغدىمىغان ئەللەرنىڭ،
ھېچقاچاندا قۇد يۇلتۇزى يانمىغان.
خاسىيەتلىك بۇ تۆت ئانا ـ تەقدىرىڭنىڭ تېنىقى،
تۆت ئانىچۇن بولغان كۈرەش، كۈرەشلەرنىڭ ئۇلۇغى. 5 ـ بەت.

يۇقارقى مىسرالاردىن كۆرەلەيمىزكى، تۇغۇلغان زېمىنى، ئانا تىلى، ئۆرپ ئادىتى ۋە تارىخىنى ئۆزىنى تۇغقان ئانا

بىلەن تەك قاتاردا قويۇپ تۆت ئانا دەپ ئاتايدۇ ۋە مۇشۇ تۆت ئانىنى قوغدىمىغان ئەلنىڭ ھېچقاچان قۇت يۇلتۇزى يانمايدۇ، دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بەرھەق! يۇقارقى ھۆكۈملەردىكى ھەممىسى ئانىغا تۇتاشقان، ئانىنى سەۋەب قىلغان. مەرھەمەتلىك نىسۋە، مېھرى ئوت پەرزەنت ئانا ۋۇجۇدىدىن ئورۇن ئالغاندىن تارتىپ ئانا بوينىغا نۇرغۇن مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ ئارتىلغان بولىدۇ. بالىسىنىڭ ساغلام يېتىلىشى ئۈچۈن ئۆز بەدىنى ۋە ئىدىيىسىگە كىرىۋاتقان ھەر نەرسىگە ياخشى قاراۋۇللۇق قىلىش ۋە ھەر تىنىقتا ھالاللىقنى ئىستەپ، ئۆز پارىسى ئۈچۈن ياخشى تىلەك ۋە دۇئا قىلىش ئانىلىق پەزىلەتلىرىنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرىدۇر. بالا تۇغۇلغاندىن باشلاپ، ئۇنى ھالال يېمەكلىك بىلەن رىزىقلاندۇرۇش، ئۆز سۈتى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش، ئۆز پەزلى ۋە مەرھەممىتى بىلەن پەرزەنت قەلبىگە مۇھەببەت ۋە ئېتىقاد ئۇرۇقىنى چېچىش، كىملىكنى ياخشى تونۇتۇش ۋە زۆرۈر تەربىيەتلىرىنى بېرىش ئانا تەرپىدىن بىۋاستە ئىجرا قىلىنغان ۋە تاماملانغان بولىدۇ. خوش، بۈگۈنكى ھەقتىكى تالاي گەپ ـ سۆزلەر، يازمىلار ۋە جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن ئىزىم ـ ئىقىملاردىن گاڭگىراپ قىلىش، ھەممىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش، بالىنىڭ ئەڭ تۆۋەنكى ماددى ئېھتىياجىنى ئويلىشىش، كېيىنكى تەربىيەنى يەسلى ۋە مەكتەپلەرگە ئارتىپ، ئۆزى ئۈستىدىكى ھەقنى تونۇماسلىق ۋە ئادا قىلماسلىق بىزدىكى خىللا ئومۇملىشىپ قالغان ھادىسە دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. شەھەرلەردىلا ئەمەس، يېزىلاردىمۇ يەسلىلەرنىڭ ئومۇملىشىشى كەڭ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئوقۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن بېسىلغان قەدەم. ئەمما، «بالا يەسلىگە بېرىپ قولاق خىلى تىنچىدى» دېگەن ئانىلار باللىرىنىڭ ئىشكتىن كىرىپ ئۆزىنى قايسى سۆز، قايسى تىلدا چاقىرۋاتقىنىنى ئاڭقىرالىدىمۇ؟ مەكتەپ مائارىپى بىر تۈپ كۆچەتنىڭ تۈۋىگە ئوغۇت بېرىش بىلەن ئۇنىڭ باراقسان ئۆسۈشىگە سەۋەب قىلماقدۇر. ئەمما باللىرى ئۈچۈن باغۋەن ھېسابلانغان ئانا بۇ كۆچەتكە چۈشكەن «قۇرت»لارنى بايقىشى ۋە يوقىتىشى، ئۆز مېھرى ۋە مەنۋىيىتىدىكى ئېسىل دۇردانىلەر بىلەن سۇغۇرۇپ تۇرۇشى، بۇ كۆچەتنىڭ ياخشى ساغلام مېۋە بېرىشى ئۈچۈن ھەرۋاقىت كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرۇشى لازىم! ئانىلار باللىرنى ئەڭ داڭلىق يەسلىلەرگە ئاپىرىپ، ئەڭ ياخشى مەكتەپلەر ۋە تەربىيەلەش مەركەزلىرىدە، تىل ۋە سەنئەت جەھەتتىن تەربىيلەپ. ئەڭ داڭلىق ماركىلىق كىيىملەر بىلەن بېقىپ چوڭ قىلىپ، بالا غېمىدە ھاردۇق يەتسىمۇ، بىز بۇ ئانىنى لاياقەتلىك ئانا دېيەلمەيمىز. چۈنكى، بالىنىڭ ھەقىقىي بىر ئادەم بولۇپ يېتىلىشى مەكتەپ مائارىپى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئاددى جەريان ئەمەس، بەلكى كىچىكىدىن باللاردا بىر مەنىۋى توغان ياساش، ھەر زامان ھەر جايدا ئۇخشىمىغان «مەدەنىيەت» كەلكۈنلىرى كەلگەندىمۇ، ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى چىڭ قوغداپ تۇرالايدىغان قىلىپ تەربىيلەش ئانىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى.

مىسال: ئۆتكەن يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئېلىنغان كۈنى چۈشتە سەنشخاڭزىدىكى بىر ئاشخانىغا تاماققا كىردىم. ئاشخانا ئىچىدە ئادەم ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مەنمۇ بىر بوش ئورۇندۇققا ئارانلا جايلاشتىم، جايلاشتىم ـ يۇ، تىزلا قولىقىم ئۇدۇلۇمدىكى قىز بىلەن ئانىنىڭ پارىڭىغا چۈشتى.

ـ قارىڭە ئۈستى بېشىڭىزغا. تونۇگۈن چېچىڭىزنى بۇدرە قىلدۇرۇپ، يۈزىڭىزنى تۈزۈك بىر ئۈۋۈلتىپ قوياي دېسەم ئۇنىمىدىڭىز. ھەممە ئادەم باللىرنى ساقلاپ ئىمتىھان مەيدانى سىرتىدا تۇرىدىغان تۇرسا، خىزمەتداشلىرىمنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى تۆكتىڭىز. قارىڭە ماۋۇ ئۈچىڭىزدىكى مەكتەپ فورمىسىغا. 12 يىل كىيىپ قانمىدىڭىز ھە بۇ بىر نېمىنى...

ـ بولدى قىلىڭە ئاپا، مەن ئىمتىھان بەرگىلى كىرەمدىمەن ياكى مودىل تاللاش مۇسابىقىسىگە كىرەمدىمەن؟ تاماقنى يېگىلى قويسىڭىز نېمە بولار؟! مەندىن خىجىل بولغان بولسىڭىز كەلمەڭ. مەنمۇ چوڭ بولدۇم، ئۆزۈم بارالايمەن ئۆيگە.

ـ شۇنداقمۇ؟ ئۆزىڭىزچە مۇنداقلا چوڭ بوپ قالدىڭىز شۇنداقمۇ؟ ئەمسە تاماقنى يەپ، ئىمتىھاننى ئوبدان بېرىڭ. قېنىق گىرىم قىلىپ ياشلاردەك مودا ياسىنىۋالغان بۇ ئايال قىزىغا قاراپ لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە «ۋاي توۋا، سۈتۈمنى ئېمىپ چووڭ بولۇپ، ئەمدى گېپىمنى بىر تىيىن قىلىدىغۇ توۋا. ھازىرقى باللارغا گەپ توغرا كەلمەيدۇ» دېگىنىچە توختىماي سايراۋاتقان تېلفۇننى قۇلىقىغا يېقىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان بۇ قىز ئۈچىسىغا مەكتەپ فورمىسى كىيگەن، چېچىنى ئىگىز بىر بوغۇپ، كۆزەينەك تاقىۋالغان ئىدى. ئىچىمدە بۇ قىزدىن شۇنداق سۆيۈندۈم ۋە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەچ، كونىلارنىڭ «سادىن نار تۇغۇلۇپتۇ» دېگەن تەمسىلى ئېسىمدىن كەچتى. بىز تاماق يېگەچ پاراڭلىشىپ قالدۇق. ئۇ دەرسلىك كىتابنىلا ئەمەس، مەدەنىيەت ۋە نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئائىت دەرستىن سىرتقى ئوقۇشلۇقلارنى كۆپ ئوقۇيدىغان، ئوچۇق پىكىرلىك، ئۆزىگە خاس مۇستەقىل پىكىرگە ئىگە ئىدى. ئالىي مەكتەپ نەتىجىسى ئېلان

قىلىنغاندا ئۇلارنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا بۇقىزنىڭ رەسىمىنىڭ شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆردۈم. بۇنىڭدىن سىز نېمىنى ھېس قىلدىڭىز؟ ئانىغا ئىچىمدە ئەپسۇسلىنىپ قالدىم. باللىرى بىلەن پاراڭلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، يېڭى دەۋردە باللىرى دۇچ كىلىۋاتقان كىرزىسلارنى ۋاقتىدا بايقاش ۋە ئۇنى توغرا يوللار بىلەن ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش، باللارغا نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش داۋامىدا ئۇلاردا ھەققانىيەت كۆز قارىشى يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنى ئۆزىنى بىلىدىغان ۋە تونۇيدىغان، ئۆزگە ئىشىنىدىغان باللاردىن قىلىپ تەربىيلەش ئانىلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار يالغۇز مېھىر مۇھەببەت بىلەنلا ئەمەس بەلكى ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىشى ۋە تىرىشىشى كىرەك.

ئاياللىق بۇرچ

ئاياللار ئاياللىق مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئىلىپ، تۇرمۇشتا تاۋلىنىش، ئۆز بەختىنى يارىتىش، يەنىمۇ مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش ئۈچۈن ھايات مۇساپىسىدىكى يېڭى بىر دۇنياغا قەدەم ئالىدۇ. ئاياللىق ساداقەت، ئەرلەرگە غۇرۇر - ئىشەنچ، شىجائەت ئاتا قىلسا، پاك سۆيگۈ ۋە سەممىي مېھر - مۇھەببەت ئۇلارغا مەڭگۈلۈك تەلپۈنۈش ۋە ئاتەش يۈرەك بېغىشلايدۇ. ئاياللار چىۋەر قوللىرى بىلەن ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنى ۋاقتىدا قىلىدۇ، كىرلەر يۇيۇلۇپ، تاماقلار ئېتىلگەن، ھەممە نەرسە ئۆز جايىدا قويۇلۇپ، پاكىز ۋە ئازادە ئۆي ھەر بىر كىشىگە ئازادىلىك بېغىشلىغاندا، ئايالنىڭ ئۆز مۇھەببىتى ۋە خۇش پېئىلى بىلەن ئۆز جۆرىسى ئۈچۈن پايپېتەك بولۇشلىرىدىن ھەر بىر كىشى ئاياللىق سالاپەت ۋە گۈزەل قەلبنى كۆرەلەيدۇ.

ئائىلىنىڭ ھەقىقىي تۈۋرۈكى ئايالدۇر، چۈنكى ئەرلەر مىجەز - خۇلق ۋە تەربىيە جەھەتتە ئاياللاردىن باشقا ھېچكىمگە بويسۇنمايدۇ، ھەتتا يۇقىرى مەكتەپلەردە، ئالىي پىكىرلىك ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئىلىم ئالغۇچىلارمۇ ئانىلىرىدىن ئالغان تەربىيە بىلەن ياشايدۇ ۋە بۇ تەربىيىنى ئاخىرقى كۈنلىرىگە قەدەر ئېسىدە ساقلايدۇ. شۇڭا ئايال ئاۋال ياخشى بىر ئايال بولۇش شەرتىنى ھازىرلىغاندا ئاندىن ياخشى ئانا بولالايدۇ. ئائىلىدىكى مەسئۇلىيەتلىرىنى مەمنۇنلۇق بىلەن ياخشى ئادا قىلىش، سەۋرچان، كەڭ قورساق بولۇپ، مېھىر - مۇھەببىتىنى ئائىلىسىگە، ئائىلە ئەزالىرىغا ۋە ئائىلىسىنىڭ روناق تېپىشىغا ئىشلىتىش ئاياللىق سۈپەتلىرىنىڭ ئاساسى ئالامەتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

بىراق بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن تەڭ تىركىشىشلىرى ئۇلارنى ئۆز تەبىئىتىدىن يىراقلاشتۇرۋەتتى. «ئەركىنلىك شۇئارى ئاستىدا كوچىغا چىقىۋالغان ئاياللارنىڭ ئەمدى يۈرەك پارىلىرىنى مېھرى بىلەن سۇغۇرۇشقا، ئەرلىرىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرۇپ سۆيگۈ بېرىشكە ۋاقتى چىقمايدىغان بولدى. بالا قۇپقۇرۇق چوڭ بولدى. ئۇنىڭ قەلب چوڭقۇرلىرىغا ئانا باغرىنىڭ ھارارىتى، ئىنسانىي ھېس - تۇيغۇ ۋە روھنىڭ نۇرى يېتىپ بارالمىدى.

ئايال - كومپيۇتېر ئالدىدا ئالدىراش،

ئايال - سىياسىي مۇنبەرلەردە ئالدىراش،

ئايال - تېلېۋىزور ئېكرانى ئالدىدا ئالدىراش،

ئايال - قەھۋەخانىدا ئالدىراش،

ئايال - تەنھەرىكەت مەيدانلىرىدا ئېغىرلىق كۆتۈرۈش بىلەن ئالدىراش،» مانا مۇشۇنداق بىر قاتار سەۋەبلەر ئاياللارنى بارا - بارا ئائىلىدىن تارتىپ چىقاردى. ئاياللار بىرىگە بەكرەك ئېغىپ يەنە بىرىنىڭ غېرىبسىنىشىغا يول قويسا، بەلكىم بىز كۆزگە ئىلمىغان كىچىككىنە ئىشلار ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. مەسلەن: تاماق ئېتىشنى ئالايلى: بۈگۈنكى كۈندە، تېز تاماقخانىلارنىڭ ، ئۆچىرەت كۈتۈپ ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقان بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ كۆپىيىشى ھەممە جايدا نورما ئەھۋال بولۇپ قالدى. خىزمەت ياكى تۇرمۇش رېتىمىنىڭ تېز بولۇشى سەۋەبلىك ناگان - ناگاندا بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان بۇنداق «تالا تامىقى»نىڭ ئۆي تامىقىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى ھېچكىمگە غەيرى تۇيۇلماس بولدى. ئۆي تامىقى ئېلىپ كىلىدىغان مېھىر ۋە ساغلاملىقتا پايدىلىق ھالال تەم، قۇۋۋەتنى ئۆيدىكى پاكىز، تۈجۈبلەپ ئېتىلگەن تاماقلا بېرەلەيدۇ.

ئەگەر ئاياللار گۈزەل خۇلقلىق بولسا، پۈتۈن ئائىلىنىڭ راھىتىدۇر، ئەگەردە ئەخلاقسىز بولسا، پۈتۈن ئائىلىنى خاراب قىلغۇسىدۇر. بۈگۈنكى كۈندىكى ئاياللار ئائىلە، خىزمەت ۋە تۈرلۈك كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ئارىسىدا قىستىلىپ ۋاقىت يېتىشتۈرەلمەي ئاۋارە. ئەمما، شۇ نەرسە ئەستە بولۇش كىرەككى، كۆپرەك ۋاقىتنى ئائىلىگە بېغىشلاش ھەر بىر ئائىلە بەختىنىڭ مەنبەسى. ۋاقىتنى قەدىرلەش ۋە ئېرىشكەن ۋاقىتنى ئەھمىيەتلىك، دۇرۇس ئىشلارغا سەرپ قىلىش ئاياللار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

ئايال بولغان كىشى ئۆز ئائىلىسىدە جۆرىسى ۋە بالىلىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش بىلەن بىرگە، ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا پەرزەنتلىك، كېلىنلىك بۇرچلىرىنى ئادا قىلىمىقى، تۇرلۇك كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە بېرىش ـ كېلىشلەرنى دەل ۋاقتىدا، جايى ـ جايىدا ئورۇنلاشتۇرماق ئاسان ئەمەس. ئايال بولغان كىشى ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتە يالغۇز ئېرى ۋە بالىلىرى بىلەنلا بولغان مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنى كۈچەيتىشنى بىلىشى، ئائىلىنىڭ ئىگىلىكىنى قانداق باشقۇرۇش ھەققىدە تەدبىر ـ چارىلەرنى ئىزلىشى كېرەك. چۈنكى، ئايال قولى ۋە تەبىئىتى پۈتكۈل جاھاننى گۈل بىلەن پۈركەندۈرۈشكە قادىر. ئاياللار ئائىلىدە يەنە ئۆز ـ ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرۇشى كېرەك. مەسىلەن: تاماق ئېتىشكە ئائىت نۇرغۇن رىسالە خاراكتېرلىك كىتابلار ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىندى. ھەر كۈنلۈكى لەگمەن، گاڭپەن بىلەنلا تەكرار تاماقلىنىش ئەمەس، ئاياللار ئۆز ھۈنىرى ۋە تەبىئىتىنى نامايان قىلىدىغان خىلمۇ ـ خىل تاماقلىرى بىلەنمۇ ئۆزگىچە يېڭىلىق ئېلىپ كېلەلەيدۇ. تاماق ئۇستىلىدىكى رەڭگارەڭ، ئوخشىغان تاماقلار بىلەن بېشىغا ياغلىق ئارتىپ، پەرتۇق تارتقان ھالدا ئېرى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن پايپېتەك بولۇۋاتقان ئايالار ئائىلە ۋە ئەرلەر ئۈچۈن ھوللىۋۇد چولپانلىرىدىن نەچچە ھەسسە گۈزەلدۇر. نۆۋەتتە كەلگەندە كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق سالامەتلىك قائىدىلىرىدىن ۋە بىمارنى قانداق كۈتۈش نىزاملىرىدىن ئازراق بولسىمۇ خەۋەردار بولۇش ئايالار ئۈچۈن پايدىلىق. بالىلار ئاغرىسا ئانىلارنىڭ پۈتۈن زېھنى شۇلاردا بولۇپ، ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇيدۇ، ياخشى غىزا بىلەن دورىنى بىرلىكتە بېرىپ كېسەلگە سەۋەب قىلىدۇ. چوڭلارنى ياكى ھەمراھىنى ئەپچىللىك بىلەن كۈتۈش ئايال يۈزىنى ھەر يەردە يورۇق قىلىدۇ. ئايالار ياخشى كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇشى، ئائىلىسى ۋە پەرزەنتى ئۈچۈن زۆرۈر بىلىملارنى تولۇقلاپ ئۆگىنىپ تۇرۇشى كېرەك. ئايالىق بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت ھەققىدە كۆپ سۆزلىمەيمىز، چۈنكى ئۇيغۇر ئايالىرى بۇ ھەقتە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە، پەقەت قالغىنى «تەلتۆكۈس ئەمەل»لا خالاس.

2 ـ ئۇيغۇر ئايالىرى ۋە تەربىيلىنىش مەسىلىسى

تەربىيلىنىش دېگەندە نۇرغۇن كىشىلەر دەرھال مەكتەپ مائارىپىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىمىز جاھان گۈلىستانىنىڭ مېھىرلىك پەرۋىشكارى سۈپىتىدە دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىنغان ئايالارنى قانداق قىلىپ ھەقىقىي «باغۋەن» قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەسىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. گۈلنى گۈلگە كەلتۈرۈپ، بوران ئۇچۇپ تۇرغان كۆلبىلەرنىمۇ ئۆز مېھرى ۋە چېۋەر قولى بىلەن گۈلزارلىققا، ئېتىزلىقتىكى چامغۇرنى تومۇردىكى قۇۋۋەتكە، غېرىبانە كۆڭۈلنى بەخت تۈيغۇسى قاپلىغان مۇھەببەتلىك خانىگە ئايلاندۇرۇش ئايالنىڭ تەربىيلىنىشى سەۋەبلىك مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان تەربىيلىنىش كۆپ تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز قىز ياكى ئايالغا ئۇنىڭ بارلىق مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇتۇش بىلەن بىرگە شۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىقتىدار ھازىرلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەتراپلىق تەربىيەنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق يوللىرى كۆپ كىتاب ئوقۇش ۋە دانا كىشىلەر ھەمسۆھبەتتە بولۇشتۇر.

نۆۋەتتە زۆرۈر بولۇۋاتقىنى ئايالار ۋە ئانىلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيلەش مەسىلىسىدۇر. يەنى، ھەر بىر ئايال پەزىلەت ۋە مجەزە جەھەتتە يۇقاردا ئېيتقىنىمىزدەك بىر قاتار شەرتلەرنى ھازىرلاش بىلەن بىرگە تارىخ، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت، شۇنداقلا نۆۋەتتىكى جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىشى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىرەر كەسىپنى پىششىق ئىگىلەپ شۇ ساھەدە مۇئەييەن نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن، ئۆگىنىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. «بوياق بىلەن بويىغۇچە تېشىگىنى، بىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى». بىلىم كىشى تەبىئىتىگە مۇلايىملىق ۋە خۇشخۇيلۇق بېغىشلاپ، كىشىگە راھەت ۋە ئۈمىد بېغىشلايدۇ. مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەت ئالدىدا بىمالال، ئۈمىدۋار پوزىتسىيەدە بولۇش، ياش چوڭايسىمۇ ئەمما بارغانسىرى جۇشقۇن ۋە خۇشال ياشاشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن تەربىيلىنىش زۆرۈر.

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئائىلىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ۋە ئايالارنىڭ ئائىلە ئىگىسى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇپ كەلگەن. گەرچە بىر قىسىم كۆز ـ قاراشلار فىئوداللىق خۇراپاتلىق دەپ قارىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاياللاردىكى چىدام – غەيرەت ۋە مەسئۇلىيەتنى ئاشۇرۇپ تۇراتتى. «ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈڭ بولسۇن، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ بولسۇن» دېگەن ئىدىيەدە بارىنى ئائىلىگە باغلاپ ۋە ئائىلىگە بېغىشلاپ كەلگەن ئۇيغۇر ئايالىرى بۈگۈنكى كۈندە قانداق ئۇسۇلدا ئۆزىنى تەربىيلەۋاتىدۇ ۋە ئائىلىسىنىڭ كۆكلىشى ئۈچۈن سەۋەب قىلىۋاتىدۇ؟ بۇ ھەممە جىددى ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

شەھەرلىشىش ۋە زامانىۋى مەدەنىيەت ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شەكىللىرىمىز ۋە قىممەت قاراشلىرىمىزنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

ئاياللار ئائىلىدىن كەڭ جەمئىيەتكە يۈزلەندى، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلىمىدىكى تۈرلۈك ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىشقا ۋە ئۆزىنىڭ ئادىمىلىك قەدىر-قىممىتى ئۈچۈن تىرىشىدىغان بولدى. ئالىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئومۇملىششى بۈگۈنكى كۈندە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان يۇقىرى ئۇنۇۋانلىق ئانىلارنى بارغانسىرى كۆپەيتتى. ئەمما، باللىرىمىزنى تەربىيلىگۈچى ئانىلىرىمىز بىر قىسىم نەرسىلەرنى بىلىشتىن يىراق. تەربىيىلىنىش مەسلىسىنى تەكسۈرۈپ ئانالىز قىلىش تېخى كونكېرتلاشقىنى ۋە ھەر بىر ھالقىلارغىچە كېڭەيتىلگىنى يوق. شۇندىمۇ، بىر قىز ياكى ئايالنى يالغۇز مەكتەپ تەربىيىسىگە ياكى ئۆز ئەركىگە قويۇۋاتمەستىن، ئۇنىڭ شىرىن مېۋە بېرىشى ئۈچۈن سەۋەب قىلماقلىى زۆرۈر. ھەر بىر ئايال ۋە ئانا ئۆزى ۋە كەلگۈسىدىكى ئايال بولۇش ئالدىدا تۇرغان قىزنى خۇشتەبىئەت ۋە ئەپچىل ھۈنەر بىلەن قوراللاندۇرۇشى لازىم.

ئاياللار ۋاقتىنى نېمە ئىشلار ئۈچۈن سەر قىلىۋاتىدۇ؟

بۇ سوئالنى ھەر بىر ئايال بولغۇچى ئۆزىگە قويۇپ جاۋاب بېرىپ باقسا بولىدۇ. بىر كۈندىكى **24** سائەتنىڭ **8** سائىتىدە ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلسىمۇ، ۋە ياكى ئۆيدىكى بالا بېقىش، باشقا ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولسىمۇ، ئاياللار ئۆز ۋاقتىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرىدۇ، بىكار چاغلىرىدا نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟ تېلېۋىزۇر كۆرىدۇ، ئۆي تازىلايدۇ، كىر يۇيىدۇ، تاماق ئېتىدۇ، باللىرىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئىشلىتىدۇ، گېرىم قىلىدۇ، دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ، ھەر خىل ئادەمگەرچىلىكنىڭ ھۆددىسىن چىقىدۇ، ھەر خىل ھۆسن تۈزەش، چاچ ياسىتىش ئورۇنلىرىغا قاترايدۇ، قاتار چاي ۋە دوستلار يېغلىشى ئۆتكۈزىدۇ، مەركىلەرگە بارىدۇ، بازار ئايلىنىدۇ، سودا قىلىدۇ، ئۆي بېزەيدۇ. بۇيەدە شۇنداق بىر نۇقتىنى تەكىتلەش كىرەككى، نەچچە ئون تۈمەنلەپ پۇل خەجلەپ ئۆيلىرىنى زىننەتلەۋاتقانلارنىڭ ئۆيىنىڭ بىرەر بۇلۇڭىدا كىتاب جازىسى بولۇشنىڭ ئورنىغا تەكچە-تەكچىلەردە قىممەت باھالىق فار-فۇر بويۇملارنىڭ، تېخى گاھلىرىدا ئېسىل ھاراقلارنىڭ كۆزنى غەلەت قىلىپ تۇرۇشلىرى بىزنى ئېچىندۇرماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىر قانچە ئايالنىڭ بىر يەرگە كەلگەندىكى ھەمسۆھبىتى ئەرلەر، يېڭى چىققان مودا كېيىملەر، چاچ پاسۇنلىرى، گېرىم بويۇملىرى، ئۆيىنى قانداق زىننەتلەش ۋە قانداق ئۆي جازىلىرىنىڭ بارلىقىنى تېما قىلغان بولۇپ، ماددىيەتتىن ھالقىپ مەنىۋىيەتكە ئۆتەلمىگەن بۇ خىل پۈچەكلىك ئاياللار ۋاقتىنىڭ ئاساسى قىسمىنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئىشلارنى بۇنداق بىر-بىرلەپ يېزىپ كەلسەك بىر تالاي؟ خوش، ئۇلار مۇشۇ جىددىيچىلىك ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيلەمدۇ؟ كىتاب ئوقۇمدۇ؟ ئوقۇسا قانداق كىتابلارنى ئوقۇيدۇ؟

ئاياللار ۋە كىتاب

ياخشى كىتاب خىلۋەتتە سىرداش، يالغۇزلۇقتا دوست، ھەسرەتلەرگە مەلھەم بەرگۈچىدۇر. ئاياللار ئۆز باللىرىنى تەربىيلەشكە لازىم بولىدىغان زۆرۈر بىلىملەرنى ئۆگىنىشى ۋە يېڭىلاپ تۇرۇشى، بالىسىنى ئەنئەنە، دۇنيا ۋە ئۆزى ھەققىدىكى كۆپ تەرەپلىمە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كىرەك. مەسلەن ئالايلۇق، ھەر بىر بالا تۇغۇلۇشىدىن چۆچەك خۇمار كىلىدۇ. ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاق ئەللەي ناخشىسى بىلەن يىغىسىدىن توختىغان بولسا، ئەشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇنىڭغا مۇڭلۇق ئاۋاز ۋە خۇشخۇي چىراي بىلەن ھىكايە سۆزلەپ بېرىش باشلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئانىلىرى چۆچەك بىلىشى، بىلگەن چۆچەكلىرىنى باللىرىغا سىڭىشلىك، تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بېرەلەيدىغان سەنئەتلىك ئىقتىدار بولۇش كىرەك. ھازىرقى ئانىلارغا بىر جەدۋەل تارقىتىپ قانچىلىك چۆچەك بىلىسىز، يېزىپ بېقىڭ دېسە، ئوتتۇرىچە نەتىجىسى قانچە چىقار؟

ھازىر بازار تېپىۋاتقان غەربنىڭ جاھاندارچىلىق توغرىسىدىكى كىتاب ۋە تەلىماتلاردىكى ئاساسلىق نۇقتىنەزەرلەرنىڭ بىرى «ئۆزىڭىزنى يېڭىلاپ تۇرۇڭ، جۆرىڭىزگە يېڭىلىق ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشىڭ». بۇ بىزنىڭ ئاياللىرىمىزدا قايسى ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى؟ كىيىم كېيىش ئادىتىنى ئۆزگەرتىش، زىبۇ-زىننەتلىرىنى ۋە سومكا-ئاياغلىرىنى كىيىملىرىگە ماسلاشتۇرۇپ يېڭىلاپ تۇرۇش، چاچ نۇسخىسىنى ئالماشتۇرۇپ پەردازخانا، سەترىاشخانىلارنى بېيىتىش، ئۆي جاھازىلىرىنى، پەردىلىرىنى ئالماشتۇرۇش.... قاتارلىق ماددىيەتكە يېپىشقان مۇشۇنداق بىر قاتار ئىشلارغا مەركەزلەشتى. يېڭىلاش ئۆزگەرتىشمۇ؟ دۇرۇس، ئاياللار ئۆز ۋاقتىنى ئۆزىنى يېڭىلاشقا ئىشلىتىشى لازىم. يەنى باللىرىنى تەربىيلەش ئۈچۈن يېڭى-يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىشى، دۇنيادىكى يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى، ئۆزىمىز ۋە ئېتىقاد، مەدەنىيىتىمىزگە ماس كېلىدىغان بالا تەربىيلەش ئۇسۇللىرى بىلەن تونۇشۇش، يېڭى ھۈنەر-تېخنىكىلارنى ئېگىلىش... قاتارلىقلارنى ئىگىلەش بىلەن ئۆزى ۋە ئىدىيىسىنى يېڭىلاپ تۇرۇشى كۆپ ئەۋزەلدۇر. كىتابلار كۆپ، ئەمما ھەممە ئادەم چوقۇم ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلارمۇ بار. يەنى، تارىخ، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت، نۆۋەتتىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئائىت دېگەندەك. ئاياللار دەل مۇشۇنىڭغا ئائىت

كىتابلارنى ئوقۇپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈشى، ئىدىيىسىنى يېڭىلاپ تۈرۈشى كېرەك. بۇ ئاياللارنىڭ تۇرمۇشنى بېيىتىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى نىشانى ۋە غايىسىنى تىكلەش ۋە كۆرەش قىلىشى ئۈچۈن ياخشى رىغبەت ۋە كۈچ بولالايدۇ.

### 3. ئۇيغۇر ئاياللىرىدىكى مۇستەقىللىق ئېڭى ۋە ياشاش نىشانى

ئاياللار ئەزەلدىن ھېسسىي تۇرمۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ھەم ئائىلىنى بىردىنبىر نىشانى قىلىپ كەلگەن. بۇ ھەقىقەتەنمۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىك، سۆيۈنىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئوخشىمىغان دەۋر ۋە جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ رولى ۋە ۋەزىپىسى ئۆزگىرىپ بارىدۇ. بۈگۈنكىدەك كۈندە ئۇيغۇر جەمئىيىتى مەسئۇلىيەتچان ئايال، لاياقەتلىك ئانا ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭىغا ئىگە كەسپىي ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇپ، ئۆز ھاياتىغا قىممەت يارىتالايدىغان بىر تۈركۈم «ئاياللار قوشۇنى»غا مۇھتاج. ئەلۋەتتە، سىرتتا ئەرلەر بىلەن تەڭ ئىشلەپ، ئائىلىنىڭ ئىشلىرى ۋە يۈكلىرىنى ئۈستىگە ئېلىش ئاياللارنى ھالسىرىتىپ قويىدۇ. بۇ يەردە دەۋاتقان كەسىپ ھەرگىزمۇ نوقۇل ئىقتىسادى قىممەت يارىتىشنى مەقسەت قىلىپلا «كۈننى كەچ قىلىۋاتقان» ئىش ئەمەس بەلكى، ئاياللارنىڭ تۇرمۇشنى مەنىسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارغا ئىشەنچ ۋە كۆپ تەرەپلىمە ساپا ھازىرلىشىغا ياردەم بېرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتىن ئىبارەت.

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇۋاتقان مۇستەقىللىق ھەرگىزمۇ ئىقتىسادى جەھەتتە ئۆزىگىلا تايىنىش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تېرىشىش دېگەنلىك بولماستىن بەلكە ئاياللارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن، پىكىر ۋە كۆز ـ قاراشتىكى مۇستەقىل مەيدان ۋە ئۆزىگە يارىشا تۇتقان يولىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ يەردە مۇنداق بىر ھېكايەتنى دەپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. بىر ئادەم 10 ياشلار ئەتراپىدىكى نەۋرىسىنى ئېلىپ، ئېشىكىنى يېتلەپ بازارغا مېڭىپتۇ. باشتا بۇلار ھەر ئىككىسى ئېشەككە مىنىپ سەپىرىنى داۋام قىپتۇ. كۆرگۈچىلەر: بۇلار نېمىدېگەن رەھىمسىز، ئورۇق ئېشىككە ئىككى ئادەم مىنىۋالغىنىنى دېيىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي دەرھال چۈشۈپ، نەۋرىسىنى مىندۈرۈپ ئېشكنى يېتىلەپ مېڭىپتۇ. كۆرگۈچىلەر: بۇ بالىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى، بوۋىسىنى ماڭدۇرۇپ ئۆزى ئېشەككە مىنىۋالغىنىنى دەپتۇ. بوۋاي دەرھال نەۋرىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئۆزى مىنىپتۇ. كۆرگۈچىلەر: مۇشۇنداقمۇ تاشيۈرەك ئادەم بولامدۇ، ئۆزى ئېشەككە مىنىۋېلىپ كىچىككىنە بالىنى پىيادە ماڭغۇزغىنىنى قارىمامدىغان، دېيىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي ئىككىسى ئېشەككە مىنمەستىن پىيادە مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگۈچىلەر: ۋاي جاھاندا مۇشۇنداقمۇ ئەخمەقلەر بولامدۇ، ئېشىكى تۇرۇپ مىنىۋالماي پىيادە مېڭىشقىنىنى دېيىشىپتۇ...

ھېكايەتتى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇلارنىڭ قىلغىنى ھەممىسى ئۆزىگە توغرا. بىراق ھەر بىر ئادەمدە ئۆزىگە خاس مەيدان ۋە قىممەت قاراش بولۇشى كېرەك. ئاياللارنىڭ ئىدىيە جەھەتتە مۇستەقىل بولالماسلىقى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يەپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يا ئۆزىگە ، يا ئۆزگىگە ئوخشىمايدىغان غەلىتە بولۇپ قالىدۇ. دەۋرىمىزنى مودا ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئالمىشىۋاتقان دەۋر دېيىشكە بولىدۇ. ھېلى كورىيە، ھېلى تۈركىيە....دېگەن تەرەپلەرنىڭ نۇرغۇن نەرسىلىرى مودىغا ئايلىنىدۇ، ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي مودا ئالمىشىدۇ ـ دە، ھەممىنى تىگىشىپ دېگۈدەك سېتىۋالغان نەرسىلەر تېزلا قىممىتىنى يوقىتىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرىمىز ھەر قايسى جەھەتلەردىن تېرىشچان، چىدامچان. بىراق، ئۇلاردىكى ئىدىيە بېقىنىشى ئۆزىنىڭ يولىنى يوقىتىپ خەقنىڭ سەنىمىگە ئۇسۇل ئويناپدىغان. خۇددى مايمۇنىنىڭ تاغدىن چۈشكىنىگە ئوخشاش ھوسۇلسىز كۈنگە قالىدىغان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ پەقەت ماددىيەت جەھەتتىكى جەنلىق ئىپادىسى بولۇپ، ئەڭ مۇھىمى ئاياللارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇستەقىل بىر ھايات نىشانى، ئۆگىنىدىغان ۋە قىممەت يارىتىدىغان كەسپى ياكى قىزىقىشى بولۇشى كېرەك. غايىسى بار ئاياللارنىڭ ئېنىق نىشان ۋە مەقسىتى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكى كۆڭلىگە ئايان، باشقىلارنىڭ كۆز قارشى ئالدىدا ئاسانلا تەۋرىنىپ قالمايدۇ. ئۇلار مۇستەھكەم ئىرادىگە مۇستەقىل كۆز قاراشقا ئىگە. ئۇلاردا دەل مۇستەھكەم ئىرادە بولغاچقىلا، ئاخىردا ئەجرىگە تۇشلۇق نېسىۋىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇلار ئۈمىدۋار، ئۆزىگە ئىشىنىدۇ، مودا قوغلاشمايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ساقلايدۇ ۋە ئۇنى نامايان قىلىپ نۇرلاندۇرالايدۇ.

جالالىدىن رۇمىيدىن مۇنداق بىر ھېكايەت بار.

بىرسى: «بۇ يەردە بىر نەرسىنى ئۇنتۇپتىمەن» دېدى. مەۋلانا جالالىدىن رۇمى بۇيرۇدىكى: دۇنيادا ئۇنتۇلماس بىر نەرسە بار. ئەگەر ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ، ئۇنى ئۇنتۇمىساڭ قورقمىساڭمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: بىر پادىشاھ مەلۇم ئىش ئۈچۈن سېنى يېزىغا ئەۋەتتى. سەن تاپشۇرۇلغان ئىسنى قىلماي، باشقا يۈز تۈرلۈك ئىشنى ئادا قىلساڭمۇ ھېچ ئىش قىلمىغان بولىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان بۇ دۇنياغا بىر ئىش ئۈچۈن كەلگەن: غايە بىردۇر. ئەگەر ئۇنى قىلمىسا ھېچ ئىش قىلمىغان ھېسابلىنىدۇ. دېمەككى، ھاياتتىكى بىر نىشان بولۇش ۋە شۇ نىشان ئۈچۈن تېرىشىش

كىرەك. ئادەم يارىتىلغان چاغدىلا ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى ياخشى ئادا قىلىش ۋە شۇنىڭ يوللىرىنى ئىزدەشمۇ ئاجايىپ ئۇلۇغۋار نىشان. بۇندىن باشقا ھەر بىر ئايالنىڭ ھاياتىدا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، توغرا، پايدىلىق، مۇقىم بولغان بىر نىشانى بولۇشى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىششى كىرەك. نۆۋەتتىكى ئاياللىرىمىزنىڭ كۆڭلىرىنى پاخاللاشتۇرۇپ، مەنىسىزلىككە تولدۇرۇۋاتقىنىمۇ دەل ئاياللىرىمىزدىكى نىشانسىزلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان بولۇشى ئېنىق.
مەكتۇۋىمىزدە ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە دوكتۇرلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئالىيە ئىسىملىك بىر ھەدىمىز بار. يۇقاردا دەپ ئۆتكەنىدەك بىر قاتار مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچلىرىنى ئىنتايىن ياخشى ئادا قىلىپ، كەسپىنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھەممىمىزنىڭ ئۆلگىسىگە ئايلانغان. قارىسىڭىز ھەرگىزمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان قىزى، يەسلى يېشىدىكى بىر قىزى بار دېگەنلەرنى خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرمەي، «سىز توي قىلغانمۇ» دەپ سوراپ قالىسىز. بۇ خىل گۈزەللىك ھەرگىزمۇ گىرىم ۋە ھۆسىن تۈزەشلەردىن ئەمەس، ئاددى-سادىدا، خۇشپېئىللىق ۋە كۆرگەنلا ئادەمنىڭ قەلبىگە باھارنى سىڭدۈرۈۋېتىدىغان مۇلايىم، چىن كۆلكىسىدىن كەلگەن. مېنى تولا ئۆيگە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلىدىغان ھەم بىز سىردىشىپ ئۆتەتتۇق. تاماقنىڭ تەمى نەنچىچە كۆڭلەرگىچە ئېغىزىمىدىن كەتمەي، يەنە بىر تېتىشقا تەقەززا بولۇپ قالاتتى. ئوقۇش شۇنچە ئالدىراش، بىسىم ئېغىر، ئائىلە ئىشلىرى كۆپ بولسىمۇ، ساۋاقداشلار ئارا يېغىلىش بولسىمۇ ھېچقاچان ئۆيدە تاماق ئېتىشنى ئۇنتۇمايتى. گاھى چاغلىرى تاماقنى تەييارلاپ قويۇپ يېغىلىشىمىزغا باراتتى-دە، قائىدىسى بويىچە بىردەم ئەھمىيەتلىك پاراڭ قىلىپ بېرىپ ئۆيىگە ئالدرايتى. كەسپتىكى ئەستايىدىللىقى، تىرىشچانلىقىدىن ھەممىمىز ھەيران قالاتتۇق. ئىنگلىز تىلىنى ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگەن بولۇپ، چەت ئەل تىلىدىكى پەرزەنت تەربىيەلەش ۋە مەدەنىيەت، تارىخقا ئائىت نۇررغۇن كىتابلارنى ئوقۇيتى ۋە ئەمەلىيىتىدە ئىشلىتەتتى، بىزگىمۇ سۆزلەپ بېرەتتى. بۇلارنىڭ ئىجارە ئېلىپ تۇرۇۋاتقان ئۆيىدىكى ئاددى سەرەمجان ئائىلە ئەزالىرىدىكى مېھىر-مۇھەببەت بىلەن ئوردا-قەسىرلەردىكى سەلتەنەتنىمۇ ھەستكە سالاتتى. بۇ ھەدىمىنىڭ ئاياللىق، ئانىلىق، كېلىنلىك، پەرزەنتلىك، دوستلۇق، قېرىنداشلىق، ئوقۇغۇچىلىق بۇرچلىرىنى ئادا قىلىپلا قالماي، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە تەرەققىياتى ۋە نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە تىنماي ئويلىنىدىغانلىقىدىن ئىنتايىن سۆيۈنىمەن. دېمەك، بىز ئۈچۈن ئاياللارنى غايە ۋە نىشان جەھەتتە تەربىيەلەش ۋە توغرا نىشانغا يېتەكلەش ناھايىتى مۇھىم.

4. ئاياللاردىكى گۈزەللىك ئېڭى

ھۆسىن تۈزەش ئورۇنلىرىنىڭ بارغانسىرى كۆپىيىشى، گىرىم بويۇملىرى ئېلانلىرىنى ڭ تىلۇۋزۇر-تورلارنى قاپلىشى ئاياللىرىمىزنىڭ گۈزەللىككە بولغان تەلپۈنۈشىنىڭ ھەر قانداق دەۋردىكىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما گۈزەللىك دېگەن زادى نېمە؟ گۈزەللىك ئىككى خىل بولۇپ، بىرى زاھىرى-سىرتقى گۈزەللىك، يەنە بىرى باتىنى – ئىچكى گۈزەللىكتۇر. گۈزەللىكنى سۆيۈش ۋە ئۇلۇغلاش ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ھەر بىر ھالقىغا سىڭىپ كەتكەن. ئۇنداقتا گۈزەللىك زادى قانداق چۈشىنىلىپ كەلدى؟ مەيلى خەلقىمىز ئەقىل-پاراستى ۋە ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى مۇجەسسەمى بولغان ماقال-تەمسىل ياكى دىداكتىك ئەسەرلىرىمىز، قىسسە-داستانلىرىمىزدا بولسۇن تاشقى گۈزەللىكتىن بەكرەك ئىچكى گۈزەللىك ۋە خۇلق-مىجەزگە ئەھمىيەت بېرىلگەننى، شۇنداقلا ئۇنى يۈكسەك گۈزەللىك سۈپىتىدە تونۇپ كەلگەننى بىلەلەيمىز. «قۇتادغۇبىلىك»تىمۇ ئەرلەرنىڭ قانداق ئاياللارغا ئۆيلىنىشى توغۇرلۇق توختالغاندىمۇ ئاياللارنىڭ دىيانىتى، ئېتىقادى شۇنداقلا ئىچكى گۈزەللىكلىرىنى ئاساس قىلىش لازىملىقنى تەكىتلەيدۇ. بىراق بۈگۈنچۇ؟
ئەرلىرىگە گۈزەل كۆرۈنۈش، دوست-دۈشمەنلىرىنىڭ «كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ ياشاش» ئۈچۈن يۈز، قول، بويۇنلىرىنى ئاق قىزىل بوياقلاردا بوياپ، چاچنى خىلمۇ-خىل رەڭ ۋە غەلىتە شەكىللەردە ياساپ، بوياقلارغا ئالدىنىدۇ. تەربىيەلىك ئەرلەر چۈشىنىدىغان، شۇنداقلا بىز تەكىتلەيدىغان گۈزەللىك ھەرگىزمۇ بۇ ئەمەس. بەلكى ھايا-نومۇسلۇق، پاكىز، پاك، ئىلىمگە ھېرىس ۋە تىرىشچان، ياخشى تەبىئەتكە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت.
ھايا ۋە نومۇس گۈزەللىكنىڭ گۈلتاجىسى
ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان، ئىنسانىي تە بىئەتنىڭ جېنى بولغان ئەڭ بېغۇبار، ئەڭ يۈكسەك ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك بىر روھىي كۈچ بار، ئۇ بولسىمۇ نومۇستۇر. نومۇس ئىنسانغا مەنىۋى گۈزەللىك بېغىشلايدىغان ئەڭگۈشتەر. ئايال كىشى نومۇس كۈچى بىلەن ئۆز ھەركىتى، سۆزى ۋە تەبىئىتىنى نازارەت قىلىپ ئەڭ ياخشى ھالەتكە ئىگە قىلالايدۇ. مۇلايىم، چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىش، ئۆزگىلەرنى ھۆرمەتلەش، ئۆزىنىڭ نام-شەرىپى ۋە ئورنىنى قوغداش

نومۇسنىڭ كونكرېت ئىپادىسى سۈپىتىدە ھەممىنىڭ دىلىنى رام قىلىدۇ. تەقى ـ تۇرقى شۇنچە گۈزەل بولسىمۇ، ئەمما كوچىلاردا سېغىزنى قاسلىدىتىپ چايناپ ماڭىدىغان، قانداقتۇر كىملەر بىلەن تىللىشىۋاتقان، تېلېفوندا ھاياسىز سۆزلەر ياكى سەت تىللار بىلەن گەپ قىلىۋاتقان، ئۆزىدىن چوڭلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك ياكى غېرىب ـ مىسكىنلەرگە مېھرىبانلىق قىلىشنىڭ ئەكسىچە چىراي پۈرۈشتۈرۈپ مېڭىشلار ئۇلارنىڭ ھۆسنى چىرايىنى بىر پۇللۇق قىلىپ قويىدۇ. بىراق، ھازىر ھايا ۋە نومۇسنى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى كىشەن ۋە قالاقلىق دەپ قارايدىغانلارمۇ بار. بۇنداقلار نومۇسنىڭ نېمىلىكىنى ھەقىقىي مەنىدە چۈشەنمىگەنلەردۇر. ھايا ۋە نومۇس ھەرگىزمۇ ھەممە يەردە قىزىرىپ، تارتىنىپ، قورقۇنچاقلىق بىلەن بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تۇرۇش ئەمەس بەلكى يامان خۇي ۋە ئىشلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئىلىش، ئۆزگىلەرنى چەتكە ئېلىش، گېزى كەلگەندە ئۆز ئىززىتى ۋە غۇرۇرىنى قوغداش ئۈچۈن كەسكىن جەڭ قىلىشتۇر.

پاكىزلىق ۋە پاكلىق گۈزەللىكنىڭ قانىتى.

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن پاكىزلىقنى سۆيىدىغان ۋە ئۇنى گۈزەللىكنىڭ مۇھىم ئۆلچەملىرىدىن قاراپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى نۇرغۇن «يامان بولىدۇ»لارغىمۇ مۇشۇنداق پاكىزلىق ۋە تازلىق چۈشەنچىسى سىڭىپ كەتكەن. تەربىيىلىك ئائىلىلەر ئۆزىنىڭ ئۇستىۋاشلىرىنى دائىم پاكىز تۇتۇپ يۈرگىنىگە ئوخشاش، ئۆي ئىچىنىمۇ پاكىز ـ رەتلىك تۇتىدۇ. ئۆي ۋە ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش تەرتىپىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ بەدىنى ۋە روھىنى پاكىز تۇتۇشى ، ئېرى ۋە بالىلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى پاكىز تۇتۇشى، ئۆي جابدۇقلىرىنى پاكىز تۇتۇشى، ئۆي ۋە تۇرلۇك ئەسلىھەلەرنى پاكىز تۇتۇشتەك بىر قاتار تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇلارنى تەڭ ئادا قىلغان ئائىلىلار ھەقىقىي گۈزەل ئائىلىلاردىن سانىلىدۇ.

ئۆزىنى گۈلدەك ياساپ كوچىغا چىققان ئائىلىلارنىڭ تۆشۈكىگە قارىسا كۆڭلى ئېلىشىپ قالىدۇ گاھىدا، شۇڭا، كونىلارنىڭ «خېنىمنىڭ قېشىغا قارىماي، تاۋىقىنىڭ تېشىغا قاراڭ» دېگىنى بىكار ئېيتىلغان ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇنى تۈزەش تەس ئەمەس، مۇھىمى ئائىلىنىڭ ئىدىيىسىنى ۋە روھىنى مۇشۇنداق پاكىزلىقنى چۈشىنىدىغان، پاكىزلىقنى سۆيىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئاشىنا قىلىشتۇر. ئۆزى مودىلاردەك ياسىنىۋېلىپ، ملڭ يېرىدىن توپا تۆكۈلۈپ تۇرغان بالىسىنى يېتىلەپ يۈرگەن، ئۆمۈر يولدىشىنىڭ كىيىملىرىنى بەدبۇي پۇرىتىپ، ئاق كۆينەكتىن قارا كۆينەككە ئالماشتۇرغان ئائىلىلار تەبىئىتىنى دۇرۇسلىمىقى، ھەر نەرسىدە پاكىز ۋە ھالاللىقنى ئىختىيار قىلمىقى زۆرۈر. پاكىزلىق ئائىلىلىق ھىممەتنىڭ نۇرانە ئىپادىسى.

ساغلام ئائىلىلار ئەڭ گۈزەل ئائىلىلاردۇر

قايسىدۇر بىر ماتېرىيالدىن «ساغلام ئائىلىلار ئەڭ گۈزەل ئائىلىلاردۇر» دېگەن قۇرلارنى كۆرگەن ئىدىم. ھەقىقەتكى، «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» بولىدۇ. ساپ ئەقىل ساپ روھىيەتنىڭ مەنبەسى، ساپ روھىيەت بار گۈزەللىكنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئۇيغۇر ئائىلىرىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولماسلىقى ھازىرقى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال. بۇنىڭغا كۆپ تەرەپلىمە ئامىللار سەۋەب بولسىمۇ، بىراق، شۇنداق بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىزكى، ياخشى بولغان تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئىلمىي ئوزۇقلىنىشنىڭ يېتەرسىز بولۇشى بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كېسەلنىڭ تۈرلىرى كۆپ، سەۋەبلىرى ھەر خىل بولسىمۇ تەجرىبە ئارقىلىق بەزىلىرىنىڭ سەۋەبلىرى باردۇر. كېسەللىك سەۋەبلىرىدىن مۇمكىنقەدەر ساقلانماسلىق سالامەتلىك نېمەتلىرىگە قىلىنغان خىيانەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىلار سالامەتلىككە زىيان قىلىدىغان نەرسىلەردىن ئالاھىدە ساقلىنىدۇ. بەزى ئاغرىقلارنى داۋالاشنىڭ مۇھىم قائىدىلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئائىلىلارنىڭ كۆڭلى يۇمشاق، شەپقەتلىك بولغاچقا، كېسەلنى ئوبدان، مۇلايىملىق بىلەن كۈتۈشنى بىلىدۇ. نېمىنى يەپ، نېمىنى يېمەسلىكنى بىلىدۇ. ئائىلىرىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىشى ۋە تۇرمۇش ئادىتى ئۈستىدە ئازراق توختالماي بولمايدۇ.

بۈگۈنكى كۈندىكى ئىستېمال ئادەتلىرىمىزدە ۋە خاھىشلىرىمىزدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر كۆنسېرى ئېغىرلاپ بېرىۋاتىدۇ. ھۆكۈمالارنىڭ قارىشىچە، دۇنيادىكى ھەر قانداق نەرسىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن مۇنۇ 6 خىل شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك. بىرىنچى شەرت، ئېھتىياج. ئوزۇقلىنىشتا بەدەننىڭ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىمىز. ئىككىنچى شەرت، ئوزۇقلۇقلار سان ۋە سۈپەتتە تەلەپكە لايىق بولۇشى كېرەك. مىقداردىن ئارتۇق ياكى كەم غىزالىنىشى سالامەتلىككە پايدىسىز. ئۈچىنچى شەرت: ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلەش لازىم. تۆتىنچى شەرت، ئوزۇقلىنىش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بەشىنچى شەرت، شەكىلگە دىققەت قىلىش كېرەك. يەنى ، شەكىل ئۆزگەرتىلسە تاماقنىڭ تەبىئىتى، ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: قورۇلغان گۆش سۇدا پۇشۇرۇلغان گۆشكە قارىغاندا تەبىئىتى تېخىمۇ ئىسسىق بولۇپ، مىزاجىنى ئىسسىققا

ئۆزگەرتىدۇ. ئالتىنجى شەرت، ئادەت مەسلىسى. چۈنكى ھەربىكەت داۋاملاشسا ئادەتكە، ئادەت تەبىئەتكە ئايلىنىدۇ.
تۇرمۇشتىكى ناچار ئادەتلەر ئەتىگەندە ناشتا قىلماسلىق، كەچتە كۆپ تاماق يېيىش، يېمەك ـ ئىچمەككە زورلاش، ھەممىنى ئارلاشتۇرۇپ يېيىشتەك بىر قاتار ناچار ئادەتلەر ھەممەيلەنگە ئومۇملاشتى. رىستوران مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشى سالامەتلىك ۋە ئائىلە ئورنىغا خىللا ئېغىر كىرزىسلەرنى ئېلىپ كەلدى. رىستۇران تاماقلىرىنى تەييارلاشتا بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت. يەنى بەزى بىر قىسىم خۇرۇچ ۋە تەركىبلەرنى زىيادە قوشۇش؛ رىستۇران تاماقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرى ئېنىرگىيىلىك تاماقلار بولۇپ، زىيادە مايلىق، ئاچچىق تاماقلار، ئاچچىقسۇ ـ لازىلارنى خۇرۇچ قىلغان ھەر خىل لەڭپۇڭلار، سوغۇق سەيلەر ئايالالارنىڭ ئاساسلىق تاماق تۈرىگە ئايلاندى. بۇنىڭغا ماس ھالدا ئايالالاردىكى سەمرىپ كېتىش ۋە سالامەتلىكتە ئېغىر مەسىلە چىقىش ھادىسىلىرى كۆپەيدى. بۇنىڭغا ياندىش ھالدا ناتوغرا ھالدىكى ئورۇقلاش، ھۆسن تۈزىتىش... تەك ئەگەشمە خاتالىقلار ئايالالار سالامەتلىكىگە تەھدىت سېلىۋاتقان يەنە بىر ئامىلدۇر.
يېمەك ـ ئىچمەك بەدىنىمىزگە قۇۋۋەت ئاتا قىلىپلا قالماي، قانغا ئايلىنىپ بىزنىڭ تەبىئىتىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال پاكىز، ھالال يېمەكلىكلەرنى توغرا ئۇسۇلدا ئىستىمال قىلىش ۋە ياخشى تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش تولىمۇ مۇھىم.
ئايالالار ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشى ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيلەپ ئىسلاھ قىلىشى زۆرۈر. «ئايالالارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن ئۈلۈك تاناسىپلىق مۇناسىۋەتتە، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزگۈچى ئايالالار ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا، مىللەتنىڭ نۇرلۇق كېلەچىكىنى يارىتالايدىغان، ئېتىقادلىق ئەۋلاتلارنى يېتىشتۈرەلەيدۇ»

**

# بىزگە قانداق قىزلار كېرەك ؟



ئابدۇلئەھەت ئابدۇرشىت بەرقى
بىزگە قانداق قىزلار كېرەك ؟ دىگەن بۇ سۇئال ئادەمنى سەل قىينايدۇ . چۈنكى ،نۇرغۇن ئادەم مەن دىگەن نوختىدىن پىكىر قىلىشقا ئادەتلەن، ئۇلار ماڭا قانداق قىز كېرەك دىگەن سۇئالغا ئانچە قىينالماي جاۋاپ بېرەلەيدۇيۇ، بىز دىگەن سۇئال ئالدىدا تېڭىرقاپ قالىدۇ . چۈنكى، شۇ مەن نىڭ قىممەت قارىشى كۆپچىلىككە ۋەكىللىك قىلالامدۇ ؟ ۋە ياكى مەن نىڭ قىممەت قارىشى بىلەن باشقىلارنىڭ قىممەت قارىشى ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرىقلەر بارمۇ ؟
بۈگۈ ن قىممەت قاراشلىرىمىز تۇراقسىز بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز، قىسقىغىنە بىر مەزگىل ئىچىدە قىممەت قاراشلىرىمىز نەچچە قېتىم ئۆزگۈرۈپ بولدى . بۈگۈ ن ئايرىم ئۈچ خىل قىممەت قارىغا ۋەكىللىك قىلىپ ياشايدىغان بىر ئا ئىلە كىشىلىرىنى ئۇچرىتىش تەس ئەمەس . مىسالى بوۋىسى بىر خىل قىممەت قارىشى ئىچىدە ياشىسا، دادىسى يەنە بىر خىل قىممەت قارىشى ئىچىدە ياشايدۇ، ئۆ زى يەنە بىر خىل قىممەت قارىشىنىڭ ھەلەكچىلىگىدە، بەلكىم بىر قانچە ياشقا كىرىپ قالغان ئوغلى يەنە بىر خىل قىممەت قارىشىغا ئىگە بولۇپ چوڭ بولۇشى مۇمكىن . بۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرى بولغانلىغى ئۈچۈن، بۇ پەرىقلىق قىممەت قاراشلىرى بەزىدە زىدىيەتلىشىپ قالىدۇ، لېكىن بۇ

زىدىيەت قاراشلار ئارا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، مەلۇم نوختىدا ئۆز ئارا مۇرەسسە قىلىپ تەڭ مەۋجۇت بۇلۇشنىڭ ئامالى ھەققىدە ئىزدىنىدۇ ۋە تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ . بەزىلەر بۇ ئىشنى نورماللىق، ياش، دەۋىر پەرقى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دە پ قارايدۇ . ۋارىسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۈچ ئەۋلات كىشىنىڭ ئۈچ خىل قىممەت قارىشىدا ياششى ئادەمدە بۇ قوۋم كىشلىرىدە ۋارىسلىق قىلىدىغان، بىر نەچچە ئەۋلادنى مۇستەككەم باغلاپ تۇرىدىغان، قوۋمنى مۇشۇ خىل مۇناسىۋەت ئارقىلىق كۆچكە ئىگە قىلىدىغان نەرسىلەر يوقمۇ نىمە ؟ دىگەن گۇماننى پەيدا قىلىدۇ . ۋاھالەنكى، مەسىلىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك تەرىپى بۇ ئەمەس . ئالدىنقى بىر ئەۋلات كىشلەر بىلەن كېيىنكى بىر ئەۋلات كىشلەرنىڭ قىممەت قاراشلىرى پەرىقلىنىپ قالماستىن بىر دەۋىردە ياشاۋاتقان بىر ئەۋلات كىشلەرنىڭ قىممەت قاراشلىرىمۇ پەرىقلىنىپ تۇرىدۇ، بىر مىللەتتىن بولغان تەڭتۇش بىرنەچچە ئادەم بىر يەرەگەكەلگەندە ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى نوختىسىدىن چاك چېكىدىن بۆسلىپ، پارچىلىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقايسىز . بىر ئۇستەللىك زىياپەتتە بىر نەچچە خىل قىممەت قارىشىنىڭ تەڭ ئوتتۇرغا چىقىشى ئۇرۇمچىدەك بىر چوڭ شەھەردە نور مال ھادىسگە ئايلانغان . بەزىلەر بۇ مەسلىنى مەدىنىيەتلەرنىڭ ئورتاقلىقى ياكى قىممەت قاراشلىنىڭ تەڭ گۈللىنىشى، دەپ قارايدۇ . دىمەك، مۇشۇ خىل ئۇبۇكتىپ سەۋەپلەر تۇپەيلىدىن بىزدە مەن نوختىسىدىن پىكىر قىلماق ئۇڭاي، بىز نۇقتىسىدىن پىكىر قىلماق تەس . چۈنكى، سىزنىڭ قىممەت قارىشىڭىز باشقىلارغا يېقىپ كىتىشى ناتايىن . ھەتتا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، بىر ئادەنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قىممەت قاراشلىنىڭ زىدىيەتلىكلىكى . سىز بىر ئادەمنىڭ قىلىۋاتقان ھەركەتلىرىدىن بىر نەچچە خىل قىممەت قارىشىنىڭ، يەتتا ئۆز ئارا زىدىيەتلىك قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئەكىس ساداسىنى تېپىپ ھەيران قالىسىز، بۇنداق زىدىيەتلىك قىممەت قاراشلىرى بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداق مۇرەسسە بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغاندۇ ؟ دەپ چۈچمەي تۇرالمايسىز . بەزىلەر قىزلارنىڭ ئۈچۈق يۈرۈق .ئۆزى بىلەن سورۇنلاردا تەڭ ئۆلتۇرۇپ ،تەڭ ئىچىشىپ بىرەلەيدىغان ياكى كانداقتۇر ئىشلارنى مەرتلىك بىلەن بىللە قىلالايدىۋان بۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ .ياكى ماڭا شۇنداق قىزلار كىرەك دەپ ئويلايدۇ ،ياكا شەيتانى مەىستىگە يىتىش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق قىممەت قارشنى بازارغا سالىدۇ .ئەمما شۇنداق قىزلارنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ئادەم ئايالىنىڭ ،قىزىنىڭ ،سىڭىنسىنىڭ شۇنداق قىز بوپ قىلىشنى ئارزۇ قىلماسلىغى مۇمكىن .قىسقىسى ھەر بىرئادەمنىڭ ئۆزىگە قانداق قىز لازىملىغى ھەققىدە ئۆزىگە خاس قاراشلىرى بار بولىشى مۇمكىن .ئانىنىڭ قىزىغا قويغان تەلىۋى بىلەن ،ئاتىنىڭ ،ئاكىنىڭ.،ئاچىنىڭ ،ئۇستازنىڭ ،جەمىيەت ئەرباپلىرىنىڭ تەلىپى ئوتتۇرىسىدا ،مۇناسىۋەتلىق قارمۇ قارشى ئىككى قۇتۇپدا تۇرىۋاتقان ئەر ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسدا مەلۇم پەرىقلەرنىڭ بارلىغى ئىنىق .

ئۇنداقتا بىزگە قانداق قىزلار كىرەك ؟بۇ سۇئالغا جاۋاپ بىرىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋال قىز ياكى ئاياللارنىڭ ھاياتتا تۇتىدىغان ئۆرنىنى ئىنىقلىۋېلىپ ،قىز –ئاياللارغا نىسبەتەن ئىنىق تەبىر بىرىشىمىز كىرەك .«ئاياللار بىر قولىدا بۇشۇكنى تەۋرەتسە ،يەنە بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدۇ »

ئىنىقكى ،ئاياللارنىڭ ساپاسى بىۋاستە دۇنيانىڭ ساپاسىنغا تەسىز كورستىدۇ. ئاياللار مەسىلىسىنى ھەل قىلمىغان ،ئاياللىرىنىڭ چىھرىنى بەخىت خاتىرجەملىك ئارقىلىق نۇرلاندۇرالمىغان مىللەت ،ئەل ،مەڭگۇ قەت كوتۇرەلمەيدۇ . ئاياللىرىنىڭ ،جۇملىدىن ئانىلىرىنىڭ ،قىزلىرىنىڭ بەختىگە كاپالەتلىك قىلالمىغان ئاجىز ئەرلەرنىڭ تەشكىللىنىشىدىكى جەمىيەت قاراڭغۇ ،زەئىپ ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقان جەمىيەتتۇر.

مەشھۇر ئالىم جامائەت ئەرباپى ئابدۇقادىر داموللام ئەزىزى (1862 ـ 1924)« نەسىھەتى ئامما » دىگەن ئەسرىدە مۇنداق يازىدۇ : « كىچىك باللار ،نادان ،ئانىسىنىڭ تەربىيسىدىكى چاغدا يامان ئىللەت ۋە بىلىمسىز لىككە گىرىپتار بولسا ،كىچىكلىكىدە ئادەتلەنگەن بۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ناھايىتى جاپالىقتۇر .ئەگەر ئانىسى بىلىملىك ۋە قەبىلىيەتلىك بولسا، پەرزەنتىگە ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيە قىلار، ئىسلامىيەتكىمۇ زىيان ئەمەس . بۇنداق باللارنىڭ چوڭ بولغاندا كامالەتكە يەتمىكىمۇ ئاسان بولىدۇ .»(« ئۇيغۇر كىلاستىك ئەدبىيا تارىخى» ،4 ـ قىسىم ،شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ،1995 ـ يىلى نەشرى )

يۇقىرقى بايانلاردىن كۇرۇش مۇمكىنكى ،قىز ئاياللار ئەڭ ئاۋال بىر ئانا .ئانىنىڭ ئۇلۇغلىغى ھەققىدە تەرىپلەر نۇرغۇن « ئانىنىڭ بىر قىتىملىق سۈتى ھەققگە ، يەتتە رەت ئاپارماق ھاقەت مەككىگە » ( ئابدىرىيىم زۇنۇن ) ھەر قانداق بىر قىز، ئانا بولىدۇ .ئايال كىشى بىر مۇنبەت زىمىن ،ئۇنىڭدىن پۈتۈن دۇنيا كۆكلەيدۇ . قىز ئاياللارنى بۇ سالاھىيە ت نوختىسىدىن كۆزەتكەندە ،بىز ئۇنىڭ ئۇيۇنچى ،ئېچەرمەن ئىدىيسى «ئېچىلىپ»كەتكەن بولۇشنى خالىمايمىز .ئانىدىن كۈتىدىغان سۆيىتىمىز مېھرىبانلىق ، كەڭ قۇساقلىق ،پەرزەنتكە بولغان تەڭداشسىز مۇھاببەت .ھەر قانداق بىر ئادەم ئانىنىڭ ۋۇجۇدىغا تۇرەلگەندىن باشلاپ ئانىنىڭ تەربىيسىنى قوبۇل قىلىشقا

باشلايدۇ ، ئانىنىڭ روھىيىتىدىكى ھەر قانداق نەرسە قان ئارقىلىق بالىنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆچىدۇ. ئانا تەبىئى ھالدا بالىنىڭ تۇنجى ئۇستازى بوپ قالىدۇ .مانا بىز مۇشۇنى تونۇغاندىن كېيىن بىز بىر قىزغا ئادەتتىكى بىر ئادەم سۈپىتىدە ئەمەس بىر ئانا ،بىر مۇنبەت تۇپراق ،ئۇستاز سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىگىنى ھىس قىلىپ يېتىمىز .ناۋادا ئابدۇقادىر داموللام ئېيتقاندەك ،ئاياللار ساۋاتسىز ،ئەخلاقسىز يامان خۇلۇقلۇق بولسا ،ئەلبەتتە پەرزەنتلىرىمىز كىچىك ۋاختىدىنلا تەسىرگە ئۇچرايدۇ .ئانىدىكى ئىللەت بالىغا يۇقىدۇ .بىر قىز قابىلىيەتلىك بىلىملىك بولىشچۇ ؟ ئەلبەتتە بۇنىڭ نەتىجىسى بىزگە مەلۇم . كاللىسى جايىدا ھەرقانداق ئادەم بۇ نەتىجىنى قىياس قىلالايدۇ.ئۇنداقتا بىزگە بىلىملىك قىز كېرەك .بىلىم ـ بىلىش دېمەكتۇر ،بىلىشنىڭ ماھىيىتى دۇنيانى ،دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى ،ھەقنى ھەقنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش دېمەكتۇر .بىلىملىك قىز دۇنياغا نىمىشقا كەلگەنلىگىنى مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئەھمىيىتىنى، ھاياتىنىڭ قىممىتىنى ئەڭ توغرا ھەقىقەتنىڭ روھىغا يىقىن بىلەلىگۈچى دىگەنلىكتۇر . بىزگە ئەخلەقلىق قىز كېرەك .ئەخلاق بىر كەڭ كاتىگورىيە ،ئىنسانلار ئەگىشۋاتقان قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئوخشىماسلىغىغا ئاساسەن ئەخلاقىمۇ پەرىق بولىدۇ .ئەخلاقتا ئاساسەن كىلىپ چىققان تۇرمۇش قاراشلىرىمۇ پەرىقلىق بولىدۇ .ئەخلاقتا ئاساسەن كىلىپ چىققان تۇرمۇش قاراشلىرىمۇ پەرىقلىق بولىدۇ .ئۇنداقتا قىزلىرىمىز قانداق ئەخلاقتا ئىگە بولىشى كېرەك ؟ شەرم –ھايا –ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ كۆركىلىرىدىن بىرى ،شەرىم ھايالىق بولۇش كېرەك .ئىپارخان ،تومارىس ، نۇزۇگۇم ،ئامانىنساخان ،رىزۋانگۈل ،سەنەم ،لەيلى ،شىرىن نوختىسىدىن ئېيتقاندا ،ئۆز ئەركى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ،مۇھاببەتنىڭ پاكلىقىنى ھاياتىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان ( مۇھاببەتنىڭ پاكلىقىنى ئۇرۇقنىڭ پاكلىقى ،ئۇرۇقنىڭ پاكلىقى ،ئۇرۇقنىڭ پاكلىقى ئەۋلاتنىڭ روھنىڭ پاكلىقىنىڭ بىشارىتى ،مۇھاببەتكە ھارام ۋە ناپاكلىق ئارلاشسىچۇ ؟ئەلۋەتتە ئۇ ئۆلىدۇ ياكى سۈپەت ئۆزگۈرىدۇ .بۇ ئۇرۇقنىڭ بۇزۇلىشىنىڭ بىشارىتى ئەمەسمۇ ؟ شۇ ئارقىلىق مۇھاببەتنىڭ قىممىتىگە ھەسسىلەپ قىممەت قوشالايدىغان بولۇشى ،ھەقىقەتنىڭ پەرۋانىسى بولۇشى كېرەك .بۇ خىل سۈپەتلەر قىزلىرىمىزنىڭ ئانىلىق ئۇلۇغلىغىنى ،مەشۇقلۇق سۆيۈملۈكلىكىنى ،ئىنسانىلىق قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ . ديانەتلىك ،تىرىشچان پاكىز ...بولىشى كېرەك ،بىزگە ھازىرلىغان قىزلار كېرەك .

ئۇنداقتا ديانەت دىگەن نىمە ؟

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لوغىتىنىڭ 548 ـ بىتىدە ،ديانەت –كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ۋىجدان ،ئىنساپ، ئىشەنىچ ،پاكلىق » دەپ ئىزاھلىنىدۇ .قىزلىرىمىزنىڭ ۋىجدانلىق ،ئىنساپلىق ،ئىشەنچىلىك ،پاك بولۇشى بىزنىڭ بەختىمىز ،تەلىيىمىز .چۈنكى ،بىزگە قانداق قىزلارنىڭ كېرەكلىگى مۇشۇ قىزلاردىن يەنە بىر قىتىم ئاشكارلاندى .ديانەتلىك خۇتۇن ئېلىش –ئەۋلاتلارنى ديانەتلىك ئانىغا ئىگە قىلىش ديانەتلىك ،ماھىيەتتە ،بۇ ديانەتلىك ئەۋلادقا ئىگە بولۇش ،دىگەنلىك .

«تالاي ئابرويلۇق قىزىل يۈزلۈك ئەر ،

خۇتۇنلار تۈپەيلى ئۆزى بولدى يەر .»

مانا بۇ بۈيۈكمۇتەپەككۇر يۇسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قىز –ئاياللار ھەققىدىكى ئىخچان كۆز قارشى ، ئۇيغۇرلاردا « ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خۇتۇن ،يەر قىلغان مۇ خۇتۇن » دىگەن گەپ بار. دىمەك ،ئاياللارنىڭ ساپاسى بىۋاستە ھالدا ئائىلىگە ئەرلەرگە تاقىلىدۇ .ئەخلاقلىق نومۇسچان ،ديانەتلىك ،گۈزەل ،بىلىملىك قىز –ئاياللار ئائىلىنىڭ ،ئەرلەرنىڭ بەختىلا ئامەس ،بەلكى دۇنيانىڭ بەختى، ئىنسانىيەتنىڭ بەختى .

بۈگۈنكى دۇنيا ھەر خىل ئازدۇرغۇچى ئىدىيىلەر بىلەن تۇشۇپ كەتكەن ،ئاياللار جاپاكەشلىگى ،ئاجىزلىغى ئاق كۆڭۈللىگى تۈپەيلىدىن بۇ ئىدىيىلەرنىڭ بۇ ئىدىيىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئەڭ ئۇڭاي ئۇچرايدۇ . جەمىيەتنى ئۆز پايدىسى ئۈچۈن ئۆزگەرتمەكچى بولغان سىئاسىئونلاردىن ساختىپەزلەرگە قەدر ھەممىسى جەمىيەتنىڭ ئاڭ كىچىكلىتىلگەن بىرلىگى ، بۇ جەمىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك مۇستەقىل تەركىۋى شۇنداقلا تەركىپلىگۈچىسى بولغان ئائىلە ئارقىلىق جەمىيەتنى ئۆز پايدىسىغا ئۆزگەرتىش نىشانىغا يېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ .ئائىلىگە تەسىر كۆرسىتىش ،ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ قورغاننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن قورغاننىڭ مەركىزى بولغان ئايال كىشىدىن ئىش باشلايدۇ .ھەتتا بىر دوۋلەت يەنە بىر دۆۋلەتنى ئاجىزلاشتۇرۇش سۈيقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۇنجى ھۇجۇمنى زەھەرخەندىكىك بىلەن ،ئاياللارغا قارىتىشى ،ئاياللارنىڭ قىممەت قارشىنى بۇزۇش ئارقىلىق ئائىلىنى بىر مۇكەممەل بىر مەكتەپ ،قورغاندىن تەرەققىيات نىشانى يوق مانقۇرۇتلار ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۋېتىشى مۇمكىن ؛يەنە ئاياللاردىكى ساپاسىزلىق ئارقىلىق ئەۋلاتلارنىڭ ئەڭ مۇھۇم تەربىيىسى بولغان دەسلاپكى باسقۇچتىكى ئائىلىۋى تەربىيىبى بەربات قىلىشى مۇمكىن . شۇنىڭ بىلەن ئانىدىن ئىبەرەت مۇنبەت تۇپراق زەئىپلىشىپ ئەڭ ئىسىل

زىرائەت ،كوكتات ،مېۋىلەر ئۆسۈپ چىقىز ئورنىغا زىيانلىق نەرسىلەر ئۈنۈپ چىقىشى مۇمكىن ،بۇ تارىخ تالاي قېتىم ئىسپاتلانغان ھەقىقەت .
ئابدۇقادىر داموللام شۇ سەۋەپتىن «قىز ئاياللارنى ئەرلەرگە قارىغاندا كۆپرەك تەربىلەش » كېرەكلىكىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ ،لېكىن ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ئەۋلادى بولغان بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىمىز غەلىتە . نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قىز ئاياللارنىڭ ئوقۇشقا مەبلەغ سېلىشقا ئەرزىمەيدۇ ياكى ئۇلارغا مەبلەغ سېلىشتىن توۋەن تۇرۇدۇ . ئۇلارغا بىر قىزنىڭ ئانا بولۇپ بالىلارنىڭ دەسلاپكى ئۇستازى بولىدىغانلىقى ، ئاياللارنىڭ ساپاسىنىڭ بىۋاستە ھالدا جەمىيەتنىڭ ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىھەقىقەت بولۇپ تۇيۇلمىسا كېرەك .
ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن قىزلارنىڭ ئوغۇللارغا قارىغاندا خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ قارشى ئېلىشقا ئېرىشەلمەسلىگى ھەقىقەتەن بىر پاجىئە. . .جەمىيەت ھەر خىللىرىنىڭ كەلگۈسى ئانىلارغا چىقىش يولى بىرىشتە بىخىللىق قىلىشى بىر ئەلنىڭ نادانلىغىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىسپاتى .
بىزگە قانداق قىزلارنىڭ كېرەك لىگىنى بىلىش ئۈچۈن قولىنىشقا بولىدىغان يەنە باشقا ئۇسۇل بىزگە كېرەك ئەمەس قىزلارنىڭ قانداقلىغىنى ئايرىپ چىقىش .لېكىن بىز دىگگىن ئوقۇمنىڭ تايانچى چۇقۇم ۋەكىللىك خاراكتىرگە ئىگە ،ھەقىقەتكە ئەڭ يېقىن ئەخلاق بولۇشى كېرەك . بىزگە كىرىگى كۆڭۈل ئېچىشمىز ئۈچۈن ئارزۇلىنىدىغان قىزلار ئەمەس ،توي قىلىشىمىز ،باللىرىمىزنىڭ ئانىسى قىلىنىشى ئۈچۈن ئارزۇلىنىدىغان قىزلاردۇر . بىز لاياقەتلىك ئانا —ديانەتلىك مەشۇق گۈزەل پاكىز ،مېھرىبان ،بىلىملىك ئاچا ـ سىڭىللارغا موھتاج







